ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

22-يىل نەشرى

ئومۇمىي 77-سان

2001

باش مۇھەررىر: **ئابلەت ئىمىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **پەرىدە ئىمىن**
مۇھەررىر: **ئەزىز تۇردى**

# بۇلاق

## 2001 - يىللىق 2 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

هەزرەت پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى...... ئەلىشىر نەۋائى(5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ

كىتابى ئابدۇللاھ ...... ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب فوسكامى(27)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ...... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان(37)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ...... ھېرمان ۋامبېرى(52)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇۋەھاپ قادىر

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

چاغاتاي ئەدەبىياتى ...... ك. م. فۇئاد(62)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

### بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى

ئەۋرەڭزىب ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر قانۇنلار قامۇسى — «پەتۋايى ئەلەمگىرى»...... يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى(73)

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت


ئايالالارنىڭ ساپاسىدىن گۈزەللىك قارىشىغىچە ............ سائادەت ئابلەت (80)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتابى تاجىزەر (داستان) ............ (83)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس

سۇلتان سەنجەرى (چۆچەك) ................................................ (101)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى.............................................. (108)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: گۈلنۇر ئابلىز


*　　　　*


خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى

نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد


*　　　　*

**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:** ئالما، ئانار (ئىران رەسساملىرىدىن تاللانما)، تەمىنلىگۈچى: ھاجى ئابدۇۋاھاپ قادىر.

**مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى ئۈچىنچى بەتلىرىدە:** «ھەزرەت پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى» ناملىق قوليازمىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر.

**مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە:** مىلادىيە 317 ـ 420 ـ يىللارغا تەۋە بولغان كەشتىلىك يىپەك پوپۇش. 1959 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى 305 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

بۇ يىل ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 560 يىل، ۋاپاتىغا 500 يىل بولغان مۇھىم خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەستىلىك يىل. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائى (1441 ـ 1501) نى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇ ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن ئۇنىڭ تەۋەللۇدى ھەم ۋاپاتىنى خاتىرىلەيمىز.

# ھەزرەت پەھلىۋان مۇھەممەد كۆشتىگىر ھەققىدە نەۋائى تەسنىفاتى①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ**

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

**رۇبائى**

ئەي چەرخ، نە دەۋرلەركى پەيۋەست ئەتدىڭ،
دەۋرىڭدە مۇھەببەت ئەھلىنى مەست ئەتدىڭ.
ھەر كىمنىكى ئالەمدە زەبەردەست ئەتدىڭ،
ئاخىر ئانى ئەجەل ئىلكىدە پەست ئەتدىڭ.

تەرىق فەناسىدا مۇفرەد ۋە فەنا تەرىقىدە فەرد، جەھان پەھلىۋانلارىنىڭ پەھلىۋانى ۋە پەھلىۋانى جەھانى ۋە پەھلىۋانلىغ جەھانىنىڭ جەھان پەھلىۋانى، سۈرەت ۋە مەئنىدە بىشۇبھە، بىنەزىر يەئنى پەھلىۋانى شەمسۇل مىللەۋەددىن مۇھەممەد كۆشتىگىر، پەھلىۋانى زەمان ۋەنادىرى قۇتبى دەۋران. قەھرىمانىنىڭ بارەسىدە فىتنىلۇركىم، سىيادەت شەرەفى بار، ئەمما چۇن تەغاسى ئەبۇ سەئىد پەھلىۋانكىم، زەمانىنىڭ پەھلىۋانى ۋە مۇسەللەم كۆشتىگىرىدۇر ئېركەن. پەھلىۋان كىچىك ياشلىق ئېركەن ۋە ئول فەندە كۆندىن كۆنگە ئاندىن غەرىيب ئاسار ۋە ئەجىيب نەمۇدارلار زاھىر بولۇر ئېركەندۇر. ئانداغكى ئاز فۇرسەتدە، جەمئى ئەبنائى جىنسىدىن فايىق ۋە غالىب كېلىپتۇر.

چۇن رۇزگار خەير ـ دۇن ۋە لەيلى ـ نەھار بۇقەلەمۇنلىغىدىن پەھلىۋان ئەبۇ سەئىد ھەيات ۋەدىئەتىن مۇقتەزاسى ئەجەلغە تاپشۇرۇپدۇر ۋە پەھلىۋان ئىستىھقاق بىلە پەھلىۋانلىغ تەكيەسىگە ئولتۇرۇپدۇر. بۇ تائىفە ئانىڭ سەرھەلقەلەغىن تەۋئى رىغبەت ئىلە قەبۇل

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا

قىلىپدۇر. نىچۈنكىم ئۇل ئەگەرچە كۆچ ۋە زەبەردەستلىقغە زەمانىنىڭ يىگانەسى ئېركەندۇر. ئەمما كۆشتىدانلىغ ۋە تۆرفەدانلىغدا ھەم ئانداغ ئېركەندۇر. بۇ تائىففەدىن بۇ ئۆتكەن تۆرت - بەش يۈز يىل، بەلكى مىڭ يىلدا ئانىڭدەك ھېچ كىشى كەلمەدى ۋە نەقىل قىلىنمىدى. باۋۇجۇد ئۇلكى، ئۆز فەنىدىكى كۆشتى بولغايكىم، ئۇل ئىسىم بىلەدۇر. ئانچە يەكفەنلىغ ۋە مەردەم ئەفكەنلىغ كىچىك ياشلىقىدىن ئېركەندۇركىم، شاگىردى كۆشتىگىر ئېركەندۇر. چۈن قابىلىيەتى بەلەند تۈشكەندۇر ۋە مۇلايىم تەبئى، بارچە فەنگە مۇناسىب بەھرىمەندلىق ۋاقىئ بولغاندۇر. كۆپ فەزايىل كەمالات ھەم كەسىپ قىلغاندۇركىم، زەمان ئەھلى بارچە پەھلىۋاننى مۇسەللەم تۇتار ئېردىلەر.

ئۇل جۇملەدىن، ئەدۋارى مۇسىيقى ئىلمىدۇركى، چۈن لەھجەسى ۋە ھۇسن سەۋتى خوپ ئېركەندۇر ۋە ئۇسۇلى مەزبۇت، ھەرەكات سەكەناتى مەرغۇب، ئۇل دەقىق فەندە كۆشىش سەئى دەخلى تەمام ۋە مەھارەتى مالاكەلام تاپىپ ئېردى. دىلكەش نەقشىلەر ۋە ئەمەللەر دىلپىسەند قەۋللەر ۋە غەزەللەر تەسنىف قىلۇرلار ئېردى ۋە خوپ ئايتۇر ئېردى. ئانداغكى ئىشىتكەن خاس - ئام خۇشھال بولماقدا بىئىختىيار ۋە ئىدراكى نەمادا بىقەرار ئېردى.

ئۇل ئەسىرنىڭ بۇ فەندە ماھىرلارى، مىسلى: ئۇستاد مۇھەممەد خارەزمى، مەۋلانا نۇئمان، مەۋلانا ساھىب بەلخى، شەيخ سەفايى سەمەرقەندى، خاجە يۇسۇف ئەندىجانىدەك كىشىلەرنىڭ تەسنىفاتى مۇقابىلەسىدە ئىشلار ياساپتۇر ۋە نەقشى - سۇرەت، ئەمەل، قەۋل، چاھار زەربدەك، چۈن ئۆزى ئۇلارنىڭ كۆيىدىن خۇشكۆيراق ھەم خۇشخان ئېرمىش، ئىشلارىنىڭ شۇھرەتى كۆپراق ۋاقىئ بولۇر ئېرمىش.

مەشھۇر ئەمەللەرىدىن بىرى چاھارگاھ ئەمەلىدۇركىم، مەۋلانا تۇتىنىڭ ئۇل شېئرىنكىم، مەتلەئى بۇدۇركىم، مەتلەئ:

ساقىيا، ۋەي رەفت ھەست ئەھۋالى فەردا ناپەدىيد،
خىشرا، ئېمرۇز خۇش دارىم فەرداراكى دىيد.

كىم مىربۇزرۇك تىرمىزى ئاتىغە باغلاپدۇركىم، بىغايەت خۇش ئايەندە، مۇلايىم ئىشدۇر ۋە دەلىل بۇكىم، خۇراسان مۇلكىدە، سەمەرقەند ۋە ئىراقدا ھەم ئۇل ئىشنى بىلمەس كىشى، گۇيەندە يوقتۇر. بەلكى غەيرى گۇيەندە داغى بىھەد ۋە ھازىر خەلايىقنىڭ يادىدادۇر. ۋە يەنا دۇگاھ ئەمەلىدۇركىم، مىرخۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ شېئرىغا باغلاپدۇر. ئانىڭ مەتلەئى بۇكىم، مەتلەئ:

ئەي زىتابى ئارەزەت شەمئى بە ھەر كاشانەئى،
ۋەي ئەسىرى پۇرخەمى زۇلفەت دىلى ۋەيرانەئى.

كىم سۇلتان بابۇر ئاتىغە باغلاپدۇركىم، ئۇل داغى بىغايەت مۇئەسسىر، خۇش ئايەندە ئىش بولۇپدۇر ۋە يەنا پەنجگاھ ئەمەلىدۇركىم، مەۋلانە كاتىبىنىڭ شېئرىن مەتلەئى بۇدۇركىم، مەتلەئ:

گەھى كى رەڭگى تۇدەر قەتلى ئەھلى دىيد بەر ئامەد،
بەيەك مۇشاھىدە مەقسۇد سەد شەھىد بەر ئامەد.

بۇ ئىشنى باغلىماقتىن غەرەز بۇ مەقتەئ ئېرمىشكىم، قىتئە:

www.uyghurkitap.com

مىسال كاتىبى ئەز شامى غەمكى سۇبھى ئۇمىد،
بىھمن دەۋلەتى سۇلتان ئەبۇ سەئىد بەر ئامەد.

كىم سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئاتىغە باغلاپدۇركىم، نىھايەتدىن تاشقىرى دىلپەزىر ئىش تۇشۇپدۇر ۋە ئۆلكىم، سۇلتان ساھىبقىران خىزمەتىغە مۇشەررەف بولدى، مەشھەددىن كەلدى، غەزەل شۇئبەدەسىدە ئول ھۇمايۇن ھەزرەتىنىڭ ئىسمىغە ئۆزىنىڭ بۇ شېئرىنكىم، بەيت:

مابەخاكى دەرگەھەت رۇيى نىياز ئاۋەردەئىم،
رۇيى دىل دەر كەئبەئى ئىقبالى باز ئاۋەردەئىم.

ئەمەل ياساپ، باز گۇيەندە بۇ ئىككى بەيتىن باغلاپ ئېردى، ئىنساف ئالەمدە بۇ ئىككى بەيتدەك ئاز ئايتىپدۇركى، مەمدۇھنىڭ بەشىنچى ئاتاسىغىچە زىكر بولمىش بولغايكىم، بەيت:

سۇلتان ھۇسەين خۇسرەۋ غازىكى مىسلى ئۇ،
ھەرگىز نەبۇد دەرسەدەفى روزگارىدۇر.
شاھەست شەھرىيار پەدەر بەر پەدەركى ھەست،
مەنسۇر بايقارايى ئۇمەر شەيخى بىن تېمۇر.

ۋە بۇ ئەمەلدە بەسى مەقامات ۋە شەئباتنى دەرەج قىلىپدۇركىم، تەئرىفدىن مۇستەغنادۇر ۋە ئەسرۇ دىلپەزىر، بەغايەت دىلپەرىز باغلانىپدۇر، يەنا ئىشلارھەم مىسلى قەۋل ۋە غەزەل ۋە چەھار زەربدەك سەۋت، نەقشلەر خۇدبىھەد ۋە بىئەدەد باغلاپدۇر. خەلايىق ئىچرە مەشھۇرلارى بۇدۇركىم، «مۇشەۋۋەك»، «بەيادەك»، «راك»، «بەيات» كەبىكىم، ھەممەنى دەرەج قىلىنسا، بۇ پەردە مەۋج ئەتناب بولۇر.

شېئىر، مۇئەمما ئىلمىدا پەھلىۋانى ساھىبقىران ۋە ساھىب ۋۇقۇف ۋە ساھىب جىلد ئېردى. ئول نەۋئىكىم، زەمان شۇئەراسىنىڭ يۈزدىن بىرىسىدە ئانچە شۇئۇر ۋە ۋۇقۇف يوقدۇركىم، ئەكسەر نەزم ئەھلى ھەر نەۋئى شېئىر ئايتسالار ئېردى، پەھلىۋاننىڭ نەزىرىغا يەتكۇرۇر ئېردى ۋە ئانىڭ ئىسلاھ ۋە ئىزاھىن قەبۇل قىلۇر ئېردى.

بۇ فەندە تەبئى بىغايەت مۇلايىم ئېردى. ئانداغكى بۇ مەتلەئ پەھلىۋاننىڭدۇر:

گۇفتەمەش دەر ئالەمى ئىشقى تۇكارەم با غەم ئەست؟

ۋە «كۇشتىگىر» تەخەللۇس قىلۇر ئېردىلەر ۋە بۇ مەقتەئ ئەسرۇ خۇش ۋاقىئ بولۇپدۇر. مەقتەئ:

ئەز خەيالى پىچ تابى كاكۇلى مۇشكىنى ئۇ،
دۇدى دىل بەر فىرقە «كۇشتىگىر» ھەمچۇن پۇرچەم ئەست.

مۇئەمما تەرىقىدە خۇد مۇختەرەئ ئېردى. جەمئىيكى مۇئەمما ئايتۇر ئېردى، كۆپ زەخمەت چېكىپ، بىر بەيت يا بىر رۇبائىيدىن بىر ئىسم پەيدا قىلۇر ئېردى. ئەمما پەھلىۋان ئۇستاد ئەبياتىدىنكىم، قايىل مۇئەمما قەسد قىلمامىش بولغاي، تەبئى زورى بىلە ھەر

مىسرادىن ئىسىملار پەيدا قىلۇر ئىردى. بۇ كۆپ ۋاقىئ بولۇپدۇركىم، ھالا ئاشىق ئاراسىدا بار ۋە ئول جۇملەدىن ھەزرەتى ھافىز شىرازىنىڭ بۇرۇنقى غەزەلىنىڭ مەتلەئىدىنكى بىغايەت مەشھۇردۇر. «ئەلى» ئىسمى چىقىرىپدۇركىم، مەتلەئ:

ئەلايا ئەييۇھەسساقى ئەدىر كەئسەن ۋە ناۋىلھا،
كى ئىشق ئاسان نەمۇد ئەۋۋەل ۋلى ئەفتادۇ مۇشكىلھا.

خاجە ھافىز شىرازىنىڭ بۇ مەتلەئىدىن كىم، مەتلەئ:

ھالىيا مەسلىھەتى خىش دەران مى بىينەم،
كى كەشەم رەخت بەمەيخانەۋۇ خۇش نشينەم.

بۇ بەيتدىن «ئەمىن» ئىسىم ھاسىل قىلىپدۇر. مەتلەئ:

گەنجى زەرگەر نەبۇۋەد گەنجى قەنائەت باقى ئەست،
ئانكى ئان دادى بەشاھان بەگەدايان ئىن داد.

... دىن تەقى ئىسىم ھاسىل قىلىپدۇر ۋە ياخشى رۇبائىيلارى داغى بار.
خاھ بىر مەھەلدە بىر ئەدا ئۇچۇن ئايتقان، خاھ بىرەۋنىڭ رۇقئەسىگە جاۋاب ئىبەرگەن، بەزى يار ـ بەرادەرلەرىغە ئايتىپ ئىبەرگەن رۇبائىيلارىدىن بىرى بۇ كىم، رۇبائىي:

گەرجان ئەجەلەم ئەز تەن ناشاد بەرەد،
ھاشاكى مەرا مىھرى تۇئەز ياد بەرەد.
خاھەمكى شەۋەم خاكى مەرا داد بەرەد،
باشەدكى بە سويى ئاستراباد بەرەد.

ھەم بەئزى مۇخلىس مۇئتەقىد ياران رۇقئەسىغە جاۋاب ئايتىپ ئىبردىكىم، رۇبائىي:

ئەز ئاھۇيى رامى خۇد فەرامۇش مەكۇن،
ئەز سەيدكى دامى خۇد فەرامۇش مەكۇن.
ھەر چەندكى باشەد فەرامۇش كارى،
ئەز پىرغۇلامى خۇد فەرامۇش مەكۇن.

مۇلايىم قىتئەلەرى دەغى بار ئىردى. ئول جۇملەدىن بىرى بۇكىم، جۇيى سۇلتانى يەقاسىدا، پەھلىۋان بىر لەنگەرى بىنا قىلىپدۇركىم، ئانى تەئرىف قىلماق قۇياشنىــ رەۋشەنلىقىغە، مەينى مەست قىلىشىغە تەئرىف قىلغاندەكتۇر. بىر قاتلا سۇلتان ساھىبقىران شىكاردىن قايتقاندا، ئول تەكيىگە تۇشۇپدۇرلار. پەھلىۋان ھازىر ئىرمەس ئىركەندۇر. بۇ جەھەتدىن بىغايەت مۇتەرەددىد ۋە مۇتەئەسسىر بولۇپدۇرلار. ئاڭا ئۇزرە ئۇچۇن بۇ قىتئەنى ئايتىپ ئىبردىكىم، مەقتەئ:

تەكيە مارا شەرفەئى بىگۇزاشت ئەز چەرخى بەرىن،
تاكى بەر ئەفكەندە سايە سايەئى فەرۋەردىگار.

www.uyghurkitap.com



گەرچە گەردۇن ئەتلەسى خۇد گەرد پائەندازى شاد،
كاش مەن مى بۇ دەمى تا جان كۇشتىگىر نىسار.

داغى ياخشى مۇئەسسەر مەسنەۋىسى ھەم بار ئىردىكى، نەزم ئەھلىنىڭ مۇتەئەييىنلەرىغە ئول نەۋئى ئەبيات ۋاقىف بولمايدۇ. ئول جۇملەدىن بىرى بۇكىم، پەھلىۋان پىر كۇشتىگىركىم، پەھلىۋان نامۇرادنىڭ ئۇمرىن تەربىيەتىغە سەرف قىلدى ۋە نەزەرى بۇ ئىردىكىم، قارىغان چاغداكى ئول جەھان پەھلىۋان كۇشتىگىر بولۇپ ئىردى ۋە سۇلتان ساھىبقىراننىڭ مەتبۇئ تەبئ نەدىم مەجلىسى ۋە پەھلىۋاننىڭ فەرزەند مۇنىسى ۋە شەمئ مەجلىسى بولغاي. ۋە ئول بىۋەفالىق قىلىپ پەھلىۋاندىن ئايرىلدى. پەھلىۋان نامۇسلۇق ۋە غەيرەتلىك جىگەرخار كىشى ئىردى ۋە ئەندۇھدىن كۆڭلىدە سوز، بەدەنىدە گۇداز ئىردى. ئەمما مۇتلەق ھىچ كىشىگە ئايتمىدى ۋە ئايتماس ئىردى. ئەمما ھىچ نەۋئى سۆزى ۋە مەخفى سىرى يوق ئىردىكىم بۇ فەقىر ۋاقىف بولماپمەن.

ئەلقىسسە، قارىغاننىڭ شەرھىدە پەھلىۋان پىرنىڭ بۇ قارىغان چاغدا ئۇمردەك بىۋەفالىقى بابىدا مەسنەۋى ئايتىدۇركى، بۇ فەقىرغە بەش ـ ئون بەيت ئايتقاندا، ئىزھار قىلۇر ئىردى. ئاندىن بىر نەچە بەيت سەبت قىلىلۇر. مەسنەۋى:

چۇ بىر چەرخ رەۋشەن شەۋەد ھالمەن،
بە سەد گىريە گىرىيەد بەر ئەھۋالمەن.

كۇنۇن مەن كى ئان شىرى زەنجىرىيەم،
بەدەر بۇردە ئەز ھەم غەمى پىرىيەم.

مەرا بۇد يارى گۇلى نەۋ شۇگۇفت،
دەرىغاكى بادى خەزانەش بەرەفت.

بە خۇردى پەدەر تۇفل ئەزئان پەرۋەرەد،
كى تا دەر بۇزۇرگى غەمى ئۇ خورەد.

ھەمە ئۇمرى تۇخمى بىھى كاشتەم،
چۇ ۋەقتى بەرامەد بىبەرداشتەم.

ئەزان دەر جەۋانى بەيار ئايەدەش،
كى دەر ئەھدى پىرى بىكار ئايەدەش.

ئەزان تەلخ شۇد زىندەگانى مەرا،
كى پىرى فەكەن ئەز جەۋانى مەرا.

مەرا پىرئان نەۋئى ئاخىر فىكەند،
كى ھىچەم جەۋانى نەشۇد سۇدمەند.

بۇ مەسنەۋىنىڭ نىھايەتىنى پادشاھ دۇئاسى بىلە خەتم قىلىپدۇر ۋە ھال بۇ ئەبياتدىن مەئلۇم قىلىلۇركى، پەھلىۋاننىڭ تەبئىدە نە مىقدار دەردۇ ھالنىڭ چاشنەسى بار ئىكەندۇر. يەنا سەنائى ئەرۇز قافىيە فەنىدە ھەم كۆپ ساھىب ۋۇقۇف ئىردى. داغى قىرائەت ئىلمىن ھەم ياخشى بىلۇرلار ئىردى، قەۋائىدى تەجۋىدى بىرلە شۇرىدە ھال قىرائەت قىلۇرلار ئىردى. گاھى ھۇففاز، قۇررائلار ئىلمىي قىرائەت تەرىقىن پەھلىۋاندىن سورار ئىردى. ۋە يەنا نۇجۇم ئىلمىن ئانچە بىلۇر ئىردىكىم، ھەر مەۋلۇد ئۇچۇن زايىچە تالىئ بىيتى ئالۇر ئىردى. ۋە يەنا تىببى ھىكمەتتە ئانچە ساھىبى ۋۇقۇف ئىردى ۋە مۇلايىمەتى بار ئىردى. مەۋلانا قۇتب ئادەمكىم، بۇ مەملىكەتدە بۇ فەننىڭ ئۇستاد مۇتەئەيىندۇر. بۇ فەننى ئاندىن كەسب قىلىپ ئىردى. مەۋلانا ئەلى مەلىك بىلە مەۋلانە ئابدۇسسەلامكىم، زەماننىڭ ھۇكمى لۇقمانى دىسە بولغاي. پەھلىۋانى زەمان بىلەن ئاشىنا ۋە ھەمنىشىن ئىردى. دائىم بۇفەندە بەھس مۇنازىرىلەر ئۆتكۇزۇر ئىردى ۋە پەھلىۋاننىڭ سۆزلەرىن ۋە مۇئالەجەلەردىن مۇسەللەم تۇتار، ئۇستاد ئىسناد بىرۇر ئىردىلار.

ۋە يەنا فىقھى ئىلمىدەكىم، فەرز، ۋاجىبات، سۇننەت ۋە مۇستەھەبات ئەكسەر زوھھادغە مەھفۇز ۋە مەزبۇت ئىمەس ئىلىملاردىن ساھىب ۋۇقۇف ئىردى.

ھەم ئۇستاد ئەبياتلارىدىن ئەنۋائ ئەسناف قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋىلەر ھەم خوب ھەم كۆپ ياد ئوقۇرلار ئېردى. ئانداغكى، ھەر مەھەلدە ھەر نەۋئى مۇناسىب نەزمىلەردىن شىرىن ئىبارەتلەر بىلە تەكەللۇم ۋە بەزى مەجلىسدە رەنگىن ئەلھان بىلە تەرەننۇم ئەدا قىلۇرلەر ئېردى. ئەگەر مەجلىس ھۇززارىدا نە يەردىن خەبەر، نە نەزمدىن ئەسەر ۋاقىئ بولۇپ، ۋاقىتلار دەست بىرۇر ئېردى ۋە كۆپ مەشايىخ ئەھلۇللاھ مەجلىسلەرىدىن بەھرىمەند ۋە خىزمەت مۇلازىمەتلىرى بىلە سەربەلەند ۋە ئەرجۇمەند بولۇپ ۋە قەبۇل تېپىپ بەسى ھەرسىنفدىن ئەھلى تەرىق پەھلىۋانلار ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرگە شايەستە خىزمەتلەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارەسىدا دۇئالار قىلىپ، فاتىھە تەكبىر ئوقۇپ، ھىممەت تۇتۇپ، گۇشەئى خاتىرلارىن ئانىڭ سارى مەئرۇف قىلىپ، كىسۋەتلەر ھەۋالە قىلىپ ئېردىلەر. ھەقسۇبھانەھۇۋەتەئالا ئاڭا قابىلىيەتى كەرامەتلەر قىلىپ ئېردىكىم، ھەر نەۋئى ئىشقە خاتىرى مۇتەۋەججىھ قىلسا ئېردى، بىر نەۋئى دەخل قىلا ئالۇر ئېردىكىم، ئول بۇ فەن ئەھلى ماھىرلارىغە مۇستەھسەن تۇشكەي ۋە بىر نەۋئى قەبۇلىيەتى ئانىڭ زاتىدا خەلق قىلىپ ئېردىكىم، ھەر نەۋئى خەلايىق بىلە ئىختىلات قىلغاچ، ئۇلار ئانىڭ كۆڭلىغە مەتبۇئ ۋە تەبئىغە مەرغۇب ئېردى. پىسەندىدە ئەتۋارى بىغايەت ۋە ھەمىدە ئەخلاق ۋە شىئارى بىنىھايەت، مەزاجىدا بەزل سەخا غالىب ۋە تەبئىدە شەفقەت ۋە ئەتا مۇفرىت، ئۇلۇغلارغە زاتى نىيازمەندەلىق خىزمەت ۋە كىچىكراق ناتەۋانلارغە رەسمى مىھرۇ شەفقەت ۋە مىھرى پەيۋەندىلىق. ۋەمۇتەۋەسسەتۇل ھالغە ئەيش مۇلايىمەت ۋە چەرب زەبانلىق ۋە فۇقەرا مەساكىنغە ۋەرزىشى مۇۋافىقەت ۋە نەفئى رەسانلىق، كېچەلىك - كۈندۈزلۈك يىگىرمە تۆرت سائەتدە بىر لەھزە پەھلىۋاننىڭ تەكيىسىدە خاھ ھەزەردە تىنچ ئىشتىغالىدىن فەراغەت يوق ئېردى ۋە تۈرلۈك - تۈرلۈك ئەتئەمە ھازىر ۋە مۇھەييا ئېردى. ئانداغكى، بۇ نېئمەتتىن فۇقەرا، مەساكىن ۋە مۇقىم ۋە مۇسافىر مەھفۇز ئېردى. ئەغنىيادا ۋە ئەھلى تەمكىندە ئازادەلەر ۋە شاھزادەلەر، ئەكابىر ئەشرەب ھەم بۇ نېئمەتدىن بەھرىمەند ئېردى. ھەتتاكى سۇلتانۇسسەلاتىن ھەم يەتكەچ، بۇ مەزكۇر مۇلەۋۋەن ئەتئەمە ھەم تارتىلۇر ئېردى. ئەگەر نېمە پىشۇرۇر ئېردى، پەھلىۋاننىڭ ئۇششاقلارى كۆتۈرۈپ سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلتۇر ئېردى، ئەگەر ئۇلار ئېلتماسا ئېردى، سۇلتاندىن كىشى كېلىپ ئېلتىپ بارۇر ئېردى. ئەشرەبە خاھى ھەلەۋىيات ھەمۇل ئەتئەمەغە مۇقەررەر ئېردىكىم، تارتىلۇر ئېردى، ھەر تەرەپتىن كەلگەن فۇقەرا ۋە غۇرەبا بەش - ئون كۈن ھەتتا بىر - ئىككى ئاي تۇرسا ئېردى، بۇ مەئكۇلات ئۇلارغا كۈلپەتسىز كۈنى ئىكى - ئۈچ قاتلا بېرىلۇر ئېردى ۋە ئۇلاغلارىغە ئارفا، سامان ۋە ئۆزلەرىغە ئارەستە مەسكەن ھەم تەييار ئېردى. بۇ خەلايىقتىن كۆپى ئانداغ ئېردىكىم، بارۇر چاغدا پەھلىۋاننىڭ مۇرۇۋۋەت كەرەمىدىن يول خەرجىسى ۋە بەئزى دەرۋىشانە لىباسلار ۋە تەبەررۇكلارغە مۇستەفىد بولۇر ئېردى ۋە جەمىئ ئەھلى تەرىق ئۆزلەرىنى پەھلىۋاننىڭ فاتىھە ۋە تەكبىرىغە يەتكۇرمىگۇنچە ئۆز تەرىقلەرىدە ئىشلارى تامام بولماس ئېردى.

بارچە سادات ئۇلۇغ مەشايىخلار ۋە ئۇلىما ۋە فۇقەرالارنىڭ مەھبۇبى قۇلۇبى ئېردى ۋە پادىشاھ ئىشكىدە ئەركانى دەۋلەتدىن ئالىشان بەگلەر ۋە ئالىي مەكان ۋۇزەرا، سۇدۇرلار ۋە ساير خەلايىقغە پەھلىۋاننىڭ سۇھبەتى نەۋرۇز بايراملارىچە بار ئېردى. ھەتتاكى سۇلتانزادەلەر تىلەمەس ئېردىكىم، بىر لەھزە ئانسىز بولغاي كۈنى بولغاي ئېردىكىم، پادىشاھزادەلەردىن بىرنەچە مۇئتەمەدلەر ئاتلانىب پەھلىۋاننىڭ تەكيەسىگە بېرىپ، سۇھبەتلەر قىلۇر ئېردى. ئول داغى بارچەسىغە لايىق خىزمەتلەر قىلىپ، سۇھبەتلەر تۈزۈپ، نېئمەتلەر تارتىپ، سازەندەلىغ، گۇيەندەلىغلار قىلىپ، سەمائ ۋە سەفا قىلىپ، ئۇلارنى خۇشھال ۋە مۇنبەسط ئۇزۇتار ئېردى ۋە سۇلتانى سەلاتىننىڭ غەرىيب شەفقەت ۋە ئۇلفەت ۋە ئەجىيب ئىنايەت ۋە نىسبەتى پەھلىۋان بارەسىدە بار ئېردى. ھېچ سۇھبەتنى تىلەمەس ئېردىكىم،

www.uyghurkitap.com

پەھلىۋاندىن ئايرۇ تۇتقايلار. بارچە مەجلىس ۋە مەھفەلدە پەھلىۋان ھازىر ئىردى، سۆھبەتنىڭ خۇشلىقىغە بائىس ئىردى.

شېئىر، مۇئەمما، مۇسىقى ھەممەكى، سۆھبەتنىڭ مۇجىبى نەشات ۋە ئىنبىساتىدۇر، چۈن پەھلىۋاننىڭ بارچەدە ۋۇقۇف ۋە دەخل تەسەررۇفلارى زاھىر، بەلكىم ئول فۇنۇندا ئەھلى فەندەك ماھىر ئىردى. سۆھبەت يۈزى پەھلىۋانغا ئۆيرۈلۈر ئىردى ۋە سۇلتانى سەلاتىننىڭ نەدىمى مەجلىس، ئەنىسى ئەنجۇمەن ۋە خىلۋەتى ھەرراز دا مەھرەمى ۋە ھەر ھالدا ھەمزەبانى ۋە ھەمدەمى ئىردى. تەكەللۇفسىز ۋە مۇبالىغەسىز پادىشاھدىن گەداغىچە، ئەھلۇللاھدىن تەرساغىچە پەھلىۋاننىڭ سۆھبەتىنى تىلەمەس ۋە سۆمەس كىشى يوق ئىردى.

سۇبھانەللاھ يۈزمىڭ ھەمد ـ سانا، بىھەد، بىقىياس سىپاس ئول قادىر سۇنئىغەكىم، بىر بەندەسىغەكىم، بىر ئاۋۇچ تۇفراقتىن خەلق قىلىپدۇر، مۇنچە قابىلىيەت ۋە قەبۇلىيەت، ئەخلاقى ھەمىدە، ئەتىۋارى پىسەندىدە زاھىر يۈزىدىن مۇنچە فەزلۇ كەمال ۋە مەئنى تەرەفىدىن مۇنچە ۋەجدۇ ھال بېرەئالۇركىم، بىر جەھان خەلقىن مۇلايىمەت بىرلە سەيد، بىر ئالەم ئەھلىنى زەنجىرى ئىرادەتى بىرلە گىرىفتار ۋە قەيد قىلغاي.

ئەلقىسسە، پەھلىۋاننىڭ بارچە نەۋئ ئىشلارىنىڭ خۇشلۇقى بەيانىدا ھەر نەۋئ تۈۋر سۈرەت ۋەسىيرەتىنىڭ دىلكەشلىگى شەرھىدە زەبان ئاۋەرلەر تىلى قاسىر ۋە داستان گۇستەرلەر نۇتقى ئاجىزدۇر.

قىرىق يىلغە يەقىن بۇ فەقىر بىلە مۇساھىبى جانى ۋە مەھرەمى رازى نىھانى ئىردى. ئىفلاس ۋە فەلاكەت ئەييامىدىن زاھىر يۈزىدىن تەئەييۇن ۋە ئىستىتائەت زەمانىغىچە كۆپراق ئەۋقات بىللە بىز ئىككەۋ ھەر كويىدە بىللە يۈرگەن، ھەر يولدا بىللە يۈگۈرگەن ۋە ئۆزىنى ھەر ئۇلۇغ ئەھلى دىل مۇلازىمەتىغە يەتكۈرگەن. ئانىڭ رەفىق ۋە مۇۋافەقەتىن نەچۈك تەھرىر ئىتئالغايمەن ۋەنە قەلەم تەھرىرى بىلەن بەيان قىلائالغايمەن ۋە مۇندىن ئۆتمەسكىم، قىرىق يىل بىر مېنىڭدەك خۇدراي، بىسەرۇپاي، ئاشۇفتەھال ۋە فەرىشان روزىگار كىشى بىلەن مۇساھىبلىق قىلغايكى، خاتىرغە كەلمەسكى، ھەرگىز ئاندىن خاتىرغە غۇبارى ئولتۇرمىش بولغاي، كۆڭۈلغە يەتمەسكى، ھەرگىز ئاندىن كۆڭۈلغە ئازارى يەتمىش بولغاي. بەلكى ئانداق مۇئامىلە قىلغايكى، كۆندىن كۈنگە مۇھەببەت رىشتەسى مەھكەمراق ۋە مۇۋەددەت، قائىدە تەرىقى مۇئەككەد، مۇستەھكەمراق بولمىش بولغاي ۋە ھال ئۇلكى، يەتمىش ئىكى فىرقە قەبىلە مەئاش ۋە مۇئامىلە ئۇشبۇ نەھىيەج بىلە ۋاقىئ ئىردى.

ھەر كىشى ئانىڭ مۇلايىمەتىنى ئۆز ھالىغە مۇلاھىزە قىلسا ئىردى، خەيالىغە بۇ كېلۇر ئىردىكىم، ئاندىن مەخسۇسراق ۋە مۇلايىمراق يارى مۇساھىبى يوق ئىردى ئىركەن.

ئانىڭ زېھىن زەكاسى لەتافەتىدىن ۋە ھافىزەسى تەرەفىدىن بىر نەچە كەلىمە خاتىرغە كېلۇر ئىردى. ئادا قىلماق ھالى ئاز مەناسىبەتى ئىرمەس.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زەمانىداكىم، خۇراسان ئەھلى ۋە سەمەرقەند ئەھلى ئەسىر ئىردىلەر. ھەر نەۋئ تەئەددى، زۇلۇم ئۇلاردىن ۋاقىئ بولسا، بۇ ئەسىرلەر مۇتىئ ۋە فەرمانپەزىر ئىردى.

بۇ فەقىرنى ئەينى ئىفلاس ۋە فەلاكەتدە سەرنەۋشت ۋە ئابخۇرەش مەشھەد سارى تارتتى ۋە ئاندا يەتكەندە مۇفاسىل مەرىزى تارى بولۇپ، بىر گۇشەدە يىقىلدىم. ئىتتىفاقا پەھلىۋان خىزمەتلەرى ھەم ئول ئەييامىدا مەشھەددە ئىردىلەر. بۇ فەقىرنىڭ ھالىدىن خەبەر تاپقاندىن سوڭرە ھەر كۈنى قەدەم رەنج قىلىپ، ئولچە قائىدە شەفقەت ۋە يارلىق تەرىقى ۋە مۇھەببەت غەمخورلۇقى بەجا كەلتۈرۈر ئىرىلەر. ئاڭاچەكىم، مەرىز دەفئى بولدى.

مەۋلانا ئابدۇسسەلام شىرازى ئەلەيھىررەھمەكى، ئول زەماننىڭ تىببى ماھىرى ئىردى. بۇ زەئىفغە مەئالىج ئىردى. ئانداغكى، ئەتىببا دەئبىدۇر. مەرىز مىزاجىدىن سەئى بىلە مەرەزنى زايىل قىلغاندىن سوڭرە چۈن ئەدنا خەلەت جىلد تەھتىدە قالۇر. تەدارىكىغە دەلىل

بۇيۇرۇلۇركى، ئۇل مەۋادنى، تەھلىل بىلە دەفئى قىلغاي.
ئۇل داغى بۇ فەقىرغە بۇ ئىلاجنى بۇيرۇپ ئېردى. پەھلىۋان مېھرىۋانلىق ۋە شەفقەت يۇزىسىدىن ھەر كۇنى ئەيادەتىمغە كېلۇر ئېردى. دەلەك خادەملىقى تەرىقەسىن چۇن كىشى ئانىڭدەك بىلمەس ئېردى.
ئۇزى ھەم ھەكىم شىۋە كىشى ئېردى. ئىلتىفات قىلىپ ئۇل ئەمرىغە ئىشتىغال كىرگۇزۇر ئېردى.
قەزارا، بىر كۇن سەھەر بۇ شېئىر فەقىر ئايتىپ ئېردىمكىم، مەتلەئـ:

ھەر قايان باقسام كۇزۇمغە ئۇل قۇياشدىن نۇر ئېرۇر،
بىر تەرەف قىلسام نەزەر ئۇل ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.

بۇ شېئىر يەتتە بەيت ئېردى. مۇسەۋۋەددەسىنى جەيبەمغە سېلىپ ئېردىم. ھونۇز كىشىگە ئوقۇمايدۇر ۋە كۇرسەتمەيدۇر ئېردىم.
پەھلىۋان ئىلتىفات يۇزىدىن مەئھۇد دەستۇر بىلە ئىگىنىمنى، ئەزۇيۇمنى تۇتار ئېردى. مۇقەددىمە بۇنياد قىلدىكىم:
ــ سېنى بۇگۇن دەرلەركى، تۇركچە شېئىرنى ياخشى ئايتۇرسەن، تۇركچە شېئىر ئايتۇر ئەلدىن ئىشتىپبىز، بۇ سۇزنى مۇسەللەم تۇتارلار. بىزنىڭ بىر سوئالىمىز بار، جەۋاب بەر.
دېدىمكى:
ــ بىلسەم جەۋاب بېرەي، سىز بارى سوئالىڭىزنى ئايتىڭ.
دېدى:
ــ سوئالىمىز بۇدۇركىم، تۇركـــيگوي شۇئەرادىن ئۇلچە شېئىـــرلارى روزىگار سەھىفەسىدە سەبتىدۇر. قايسى ياخشىراق ئايتىپدۇرلار؟ سېنىڭ ئەقىدەڭ ئۇلارنىڭ ياخشىراق ئايتماقىغە بارى سەن بېكەنۇرسەن؟
فەقىر دېدىم:
ــ بارچە ئايتىپدۇرلار، مەن بېكەنۇرمەن.
پەھلىۋان دېدى:
ــ سەن تەكەللۇف ۋە كەسرى نەفسىنى قوي، ۋاقــىئـ يۇزىدىن سۇز ئايتىپ بەر. بارىنى بېكەنۇرمەن، دەرسەن. بارچە خود بىردەك ۋەلەيكىن ئەلبەتتە تەفاۋۇت بار.
فەقىر ئايتىدىمكىم:
ــ مەۋلانا لۇتفى ھالا مۇسەللەمدۇر. بۇ قەۋمىنىڭ ئۇستادى ۋە مەلىكول كەلامىدۇر.
ۋە دېدى:
ــ نەچۇك سەبەبدىن نەسىمى دېمەدىڭ؟
ۋە فەقىر دېدىم:
ــ خاتىرغە كەلمىدى ۋە بىر تەقدىر كەلمەكى سەيد نەسىمى ئۇزگە رەڭ تۇشۇپدۇر ۋە زاھىر ئەھلى شۇئەراسىدەك نەزم ئايتماپدۇر، بەلكى ھەقىقەت تەرىقىن ئەدا قىلىپدۇر. بۇ سوئالدا سېنىڭ غەرىزىڭ مەجاز تەرىقىدە ئايتۇر ئەل ئېردى.
پەھلىۋان ئېئتىراز يۇزىدىن كىنايەت ئامىز دېدىكىم:
ــ رەۋا بولغايكىم، سەيد نەسىمى بارىدا لۇتفى نەزمىنى پەسەند قىلغايسەن ۋە ھال ئۇلكىم، سەيد نەسىمىنىڭ نەزمى زاھىر يۇزىدىن مەجاز تەرىقىدە شامىلدۇر ۋە مەئنى يۇزىدىن ھەقىقەت تەرەفىگە، ــ دەپ يۇقىرى فەقىر بىتكەن بەيتنى ئوقۇدىكىم، فەقىر بۇگۇن سەھەر ئايتىپ ئېردىم، ھېچكىمگە كۇرسەتمىگەن ئېردىم. چۇن مەتلەئىنى ئوقۇدى، ئۇزگەلەرىنى

www.uyghurkitap.com

ھەم بىر ـ بىر مۇتەئاقىب ئوقۇدى. تەخلىسكىم، بۇ نەۋائى ۋاقىتـ ئىردى، مۇقتەئات

گەر نەۋائى سىيمبەرلەر ۋەسلىن ئىزلەپ كۆرسە رەنج،
يوق ئەجەب نىچۇنكى خام ئەتكەن تەمەئـ رەنجۇر ئىرۇر.

نەۋائىنى نەسىمغە تەغەييۇر بىرىپ ئوقۇدى. فىلۋاقىئـ بۇ بەيتدە نەۋائى لەفزى مۇناسىبراقتۇر. فەقىر مۇتەئەججۇب بولدۇم. ئاھىستەراق ئىلىــگ جەيبەمغە سالدىم، مۇسەۋەددە بار ئىردى. ھەيرەت ۋە تەئەججۇپ ئارتتى. پەھلىۋان ھەمۇل ئايتقان سۆزىنى ئىئادە قىلادۇر ۋە ئول شېئىرنىڭ ئەبياتىن مۇكەررەر ئوقۇيدۇر ئىردى. بۇ فەقىر بىئەقىل بولۇپ سوردۇمكىم، ئول ئىشنىڭ كەيفىيەتىن مەئلۇم قىلغايمەن. ئول ئۆزىن بىغايەت يىراق تۇتتى ۋە ئۆز سۆزىدە رۇسۇخ ئىسبات كۆپراق زاھىر قىلدى.
فەقىر مۇبالىغە قىلغانسىرى پەھلىۋان ھەم مۇبالىغە كىرگۈزۈر ئىردى. زەرۇرەت يۈزىدىن سوردۇمكى:
— بۇ شېئىرنى قاچان ياد تۇتۇپ ئىردىڭ؟
دېدىكى:
— ئون ئىككى يىل بولغاندۇركى، بابۇر مىرزا مەجلىسىدە بۇ شېئىر ئۆتەر ئىردى، ماڭا بەغايەت خۇش كەلدى، فىتىپ ئالدىم، ياد تۇتدۇم.
بارى ھەر ھال بۇ كۈن ئۆتتى، ئول تەكىيەسىگە ياندى. تاڭلا ھەمۇل دەستۇر بىلە يەنا كەلدى، يەنە سۆھبەت بولدى، يەنە بۇ سۆز ئەراغە تۈشتى، يەنا فەقىر سوردۇم ۋە ئىلھاھ قىلدىمكىم، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتىن بىلگەيمەن. بۇ قاتلا خۇد دېدىكى:
— ئول ۋەقت مەن بۇ شېئىرنى ياد تۇتتۇم، كۈشتىگىرلاردىن بىر نەچچەسى بار ئىردى، ئۇلار ھەم ئۆرگەنىپ ياد تۇتقانلار، — دەپ، ئۆزلەرى بىلە بىللە كەلگەن بىر نەچچە سارت كۈشتىگىرلارنى تاشقىرىدىن قىچقىرىپ ئالىپ كىرىپ:
— ئوقۇڭ، ئانداقكى، مېنىڭ بىلە بابۇر مىرزا مەجلىسدە ياد قىلغان شېئىرىكىم، نەسىمىنىڭدۇر، — دېدى. ئۇلار پەيدەرپەي ئوقۇدىلار. فەقىرغە تەئەججۇب ئۈستىگە تەئەججۇب يۈزلەندى. پەھلىۋان ئۆز سۆزى سىدقىدا مۇبالىغىلەر قىلۇر ئىردى، ئەگەر مۇبالىغە ھاجەت ئەمەس ئىردى، نىچۇنكىم، سىدق دەئۋاسىغە نەچە تاتۇغ ھەم ئۆتكۈزدى.
ئاقىبەت، ئانداغ مەئلۇم بولدىكــــم، ئۇخلايدۇرغان ۋەقتــــــدە جەيبەمدە كاغەز ئۆرۈنۈپتۇر. ئاھىستەلىق بىلەن ئول كاغەزنى ئالىپ، شېئىرنى كۆرۈپ، يادلاپ يەنا جەيبەمغە قويۇپدۇر، ھەمۇل زەمان مەزكۇر بولغان سۆزلەرنى ئايتىپدۇر. تەكىيەسىغە بارغاندا، مەزكۇر كۈشتىگىرلارغە تەكلىپ بىلەن ياد ئالدۇرۇپتۇر ۋە بۇيرۇپتۇر، ئىھتىمام بىلەن تەكرار قىلغايكى، ئوقۇر چاغدا رەۋان ئوقۇغايلار.
پەھلىۋاننىڭ بۇ نەۋئى غەرىب ئىشلارى، غەرىب ۋە ئەجىب زەرافەتلەرى كۆپ بار ئىردىكى، تەبىئىغە مۇجىب تەئەججۇب ۋە ئەقىلگە بائىس تەھەييۇر بولغاي كۆپ ئىردى. بۇ فەقىر ئاستراباددىن بىر رۇقئە يېزىپ بۇ رۇبائىينى فىتىپ ئىردىكىم:

دەر سىلسىلەئى فەقىر بار شاد تۇئىم،
دەر دائىرەئى فەنا بە ئەۋراد تۇئىم.
دەر شامۇ سەھەر ھەممىشە باياد تۇئىم،
يەئنىكى يەتىمى نىئمەتئاباد تۇئىم.

پەھلىۋان جاۋاب پۈتۈگەن رۇقئەدە بۇ رۇبائىنى فىتىپ ئىردى، رۇبائى:

ئەي مىر، تۇ پىرۇ ما بەئىرشاد تۇئىم،
دائىم بە دۇئايىئى بايەد تۇئىم.
ئىن شەھرى بەتۇ خۇشەست ما بەتۇ باد تۇخشەم،
مەردىمۇ خەرابى ئاستراباد تۇئىم.

سۇلتان ساھىبقىران ئەسەر ئىنايەتىدىن ۋە تەربىيەتىدىن پەھلىۋاننىڭ ئىشى ئۇلۇغ بولدى. ئانداغكى، ئۇلۇغلۇقغە تەئزىم قىلۇرلار ئېردى.

فىلھەقىقەت ئىستىھقاقى بار ئېردى. نىئمەت ئابادكىم، ئانىڭ تەكيەسى ئېردى. پادشاھ دەۋلەتىدىن يۈزگە يېقىن كۇشتىگىر يەنا مۇنچەدىن ئارتۇق ساير خۇددام پەھلىۋان خىزمەتىدە بار ئېردى. بۇ يۈزچە كۇشتىگىرلاردىن ئونچەسى پەھلىۋان ۋە تەلەبكەش ۋە يىگىرمىگە يېقىنلارى قەددى كەبىر ۋە جىلدى نەۋخاستەلەركىم، بارچە ساھىبى مەئرەكە ئېردى. ھەتتاكى سەلاتىن مەجلىسىدە ئون - ئون بەشچە سازەندە، گويەندە، خانەندەلەركىم، ئول سىلسىلە ئەھلىدىن ھىچ قەچان ھىچ كىمگە دەست بەرگەن ئېرمەس. مۇنچا يارىشا، بارچە تەربىيەت ۋە ئاداب، تەزەييۇن ئەسبابى مۇھەييا ئېردىكى، بەيەك ناگاھ پەھلىۋاننىڭ ئۇشاقلارىدىن بىرى يۈگۈرۈپ كەلدىكى، «پەھلىۋانغە غەشيى ۋاقىئ بولۇپدۇر ۋە ھۇشى زايىل بولۇپدۇر، بىھۇش يېقىلىپدۇر. سىزگە خەبەر قىلدۇقكى، تەبىب يۇبەرگەيسىز». فەقىر فىلھال مەۋلانا ئابدۇلھەي بىلە مەۋلانا نۇرىددىنكى، ھازىر ئېردى، تەئجىل بىلەن ئىبەردىم. ئۇلار بارغۇنچە پەھلىۋان خۇد ئۆزگە ئالەم ئەزمىغە ئاياغ ئۇرغان ئىكەن. ئەتىببا بىر زەماندىن سوڭرە پەھلىۋان غەممىدىن ماتەمزادە بولۇپ، يۈز دەرد، مىڭ ھەسرەت بىلەن قايتىپ كەلدىلەر.

بۇ ھالدىن سۇلتان ساھىبقىران مىزاجىغە غەرىيب ئەندۇھ ۋە ئىزتىراب يۈزلەنىپ، غايەت ھۇزن، مەلالەتدىن تەلخ - تەلخ شۇرابە تۆكۈب، ھاي - ھاي يىغلادىلار ۋە شاھزادىلەر تەخى ئۇشبۇ دەستۇر بىلە ماتەم تۇتۇپ، ئەركانى دەۋلەتىدىن ئالى مىقدار ئۇمەرا، زەۋىلئىقتىدار ۋۇزەرا، ساھىبى مۇلۇكدىن ئىچكىلەر، خۇسۇسىيەت ئايىن چىھرەلەردە ساير ئەشك ئەھلىكى، بارچە پەھلىۋانغە يار ۋە ھەۋادار ئېردى. بىئىختىيار سوگۋارلىق رەسمىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزنى ماتەملەردىن تۇتتىلار. شەھەر ئاھالىسىدىن ساداتى ئالىشان ۋە ئۇلەمائى رەفىئلمەكان، مەشايىخى ئەزام ۋە قۇززات كەرام ۋە خاس - ئام مەجمۇئەسى تەئزىيەت تۇتۇپ، ماتەم لىباسى ۋە مۇسىبەت پەلاسىغە يۆرگۈنۈپ، مەرسىيە ۋە تارىخلار ئايتىپ، دەيىننى ئۆزلەرىغە قەرار قىلدىلار، بەلكى ھەر بىرى باشقا - باشقا ئۆزلەرىنى ساھىبى ئەزا كۆرگۈزۈپ، ئاشۇب ۋەشىن زاھىر قىلدىلار. زەرافەت ئاسار شۇئەرا ۋە دىققەت شىئار زورەفاكى، پەھلىۋاننىڭ بارچە ۋەقت يارى مۇساھىبلارى ئېردىلەر ۋە ھەقىقەت مەئاب ئەھلى تەرىق ۋە تەرىقەت ئىكتىساب ئەھلى تەھقىقكى، پەھلىۋان دائىم ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە دىلجۇيلىقىغە ئىشتىغال كىرگۈزۈر ئېردى. بارچە مەلۇل ۋە گىريان ئول ماتەمدە پەرىشان ۋە سەرسەمانلىق بىلە ساھىب ئەزا بولدىلار ۋە تىگرەسىدىكى يارى ئۇشاق ۋە مۇلازىملار ۋە ھەمنەشىنلار ۋە ساير فۇقەرا، غۇرەبا، مەساكىنلار «ۋاۋەيلا، ۋامۇسىبەتا!» فىغانىن فەلەكغە يەتكۈرۈپ نەۋھە ۋە جەزبە كىرگۈزدىلەر.

سۇلتان ساھىبقىران پەھلىۋاننىڭ مەدفەنىن نىئمەت ئاباد ئىچىندەكىم، پەھلىۋان ئەييام ھەياتىدا، ئۆزلەرى ئۈچۈن ياساتغان ئېردى، ئاندا تەئيىن قىلىپ، فادشاھانە جەش تۇتۇپ، ئەزمى ئىشلار بىلەن خەتمە قائىدەسىن بەجا كەلتۈردىلەر، بەلكى خەتمە قىلدىلار. چۈن ھەزرەتى مەخدۇمى شەيخۇلئىسلام كەھفۇلئەنامى مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇررەھمان جامىي قەددەسەللاھۇ سىررەھۇسامىدىن بىر يىل كېيىن پەھلىۋان ھەم ئۇلارنىڭ پەيرەۋلىقى ئىلە

www.uyghurkitap.com

بۇفەنا تەكتايىدىن بەقا گۈلشەن فەزاسىغە خىرام كىرگۈزدىلەر. ئول ھەزرەتنىڭ مە پەھلىۋانغە بىغايەت مەخسۇس ئىلتىفات ۋە سۆھبەت ۋە ئاشنالىقلارى بار ئېردى. ۋە مەخسۇسۇلخاس مۇلايىمەت ۋە ھالەتلەرى بار ئېردى. فەۋتىنىڭ تارىخلارى غەرىيب ئۇسلۇبدا ۋاقىئ بولۇبدۇركىم، فەۋت تارىخلارى ئۇشبۇدۇركىم، مەسنەۋى بىتارىخ:

مۇھەممەد پەھلىۋانى ھەفت كىشۋەر، — كى مەخدۇمى دەۋران بۇد ئىقبال.
كى دەر دەھرەش نەبۇد ئېمسالى ئىقۋال. — بەس ئەزسالى سۇئى جەننەت خىرامىد،
سەرا سەرھەلقەئى ئەھلى تەرىقەت، — ئەزىن دەيرىنەدەير مۇختەلىف ھال.
كى رەفت ئەز قەيدى گىتى فارىغۇلبال. — ئەگەر پۇرسەد كەسى تارىخى فەۋتەش،
زىبەئدى قۇتبى ئالەم ئارىفى جام، — بە گۇيەم: «بەئدى مەخدۇمى بەيەك سال!»

ھەزرەتى سۇبھانە ۋەتەئالا ھەرزەمان يۈز قەندىل نۇر ۋە مىڭ مەشئەل سىرۇر پۇرفۇتۇھ روھىغە نازىل قىلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ روھى مەدەدىدىن بۇ شىكەستە غەمزەدە، بۇ خەستە ماتەمزەدەنىڭ دۇنياۋى مەقاسىدىن ۋە ئاررۇيى مۇراداتىن ھاسىل قىلسۇن!

ئامىن، سۇممە ئامىن. رۇبائى:

تاھەشر ئانىڭ مەرقەدى پۇر نۇر ئولسۇن،
جەننەت چەمەنىدە روھى مەسرۇر ئولسۇن.
ھەق رەھمەتىدىن رەۋانى مەغفۇر ئولسۇن،
كەۋسەر سۇيى مەي، جۇفتى ئانىڭ ھۇر ئولسۇن.

(يەشمىسى)

## نەۋائىنىڭ ھەزرەت پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر ھەققىدە يازغانلىرى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
رۇبائى:

ئەي چەرخ نى دەۋرلەركى پەيۋەست ئەتتىڭ،
دەۋرىڭدە مۇھەببەت ئەھلىنى مەست ئەتتىڭ.
ھەر كىمنىكى ئالەمدە زەبەردەست ئەتتىڭ،
ئاخىر ئۇنى ئەجەل ئىلكىدە پەست ئەتتىڭ.

تەرىقەت يولىدا يەككە ـ يىگانە، جاھان پالۋانلىرىنىڭ پالۋىنى ۋە پالۋانلىق جاھىنىنىڭ جاھان پالۋىنى، شەكىل ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئوخشىشى يوق، مىسالى يوق، مىللەت ۋە دىنىنىڭ قۇياشى پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىگىر بولسا، زامانىنىڭ پالۋىنى، پەلەك مەركىزىنىڭ يىگانىسى بولغان پالۋان ھەققىدە شۇنداق يازماقچىمىزكى، ئۇنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە تاغىسى ئەبۇ سەئىد پەھلىۋان زامانىنىڭ پالۋىنى ھەم ھەممە ئېتىراپ قىلغان

چېلىشچىسى ئىكەن.

پەھلىۋان كىچىك چېغىدىلا چېلىشچىلىق كەسپىدە كۈندىن كۈنگە ئاجايىپ ئەھۋاللارنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇزۇنغا قالماي بارلىق كىشىلەردىن ئۈستۈن ۋە غالىب كەلگەن. ئۇ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەھلىۋان ئەبۇسەئىد ھاياتلىق ئامانىتىنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش تەقەززاسى بويىچە، ھاياتىنى ئەجەلگە تاپشۇرۇپتۇ.

پەھلىۋان (مۇھەممەد) ھەقلىق رەۋىشتە پالۋانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ گۇرۇھ ئۇنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىستىدات جەھەتتىن زامانىنىڭ يېگانىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى چېلىشچىلىق ۋە سۆزمەنلىكتىمۇ كامالەتكە يەتكەنىدى. بۇ گۇرۇھ ئىچىدىن ئۆتكەنكى 400 ـ 500 يىل ھەتتا 1000 يىل مابەينىدە، بۇ زاتقا ئوخشاش يەنە بىر كىشى دۇنياغا كەلگەن ئەمەس ھەم كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغانمۇ ئەمەس. شۇنداقلا ئۇنىڭ ھۈنىرى چېلىشچى بولغانلىقتىن، «كۈشتىگىر» ئىسمى بىلەن ئاتالغان. كىچىكىدىنلا چېلىشىپ كىشىلەرنى يىقىتىشقا ماھىر بولغاچقا، «شاگىرت كۈشتىگىر» دەپ تونۇلغان. چۈنكى ئۇنىڭ قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇپ، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن بارچە پەندىن مۇناسىپ رەۋىشتە ھەسسىدار بولغان. ئۇ كۆپ پەزىلەتلەر ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغاچقا، زامانداشلىرى ئۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلغانىدى. جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدا بۇ زاتنىڭ تىلى، ئاھاڭى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، مۇزىكىلىق ئۇسۇلى توغرا، ئاۋازىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى يېقىملىق بولۇپ، بۇ ئىنچىكە پەندە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىسلىسىز ماھارەت ھاسىل قىلغانىدى. مۇڭلۇق ناخشىلارنى، كۈيلەرنى، دىلنىڭ تارىنى چېكىدىغان ئاھاڭ ۋە غەزەللەرنى ئىجاد قىلاتتى ۋە ئۇلارنى تېكىستكە سېلىپ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ ناخشىنى شۇنداق مۇڭلۇق ئېيتاتتىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ئىختىيارسىز شادلىنىپ، ئەقىل ـ ئىدراكى لال بولاتتى.

ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مۇشۇ پەننىڭ ماھىر ئۇستازلىرى مۇھەممەد خارەزمى، مەۋلانا نۇئمان، مەۋلانا ساھىب بەلخى، شەيخ سەفايى سەمەرقەندى، خوجا يۇسۇپ ئەندىجانىدەك كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە سېلىشتۇرما بولغۇدەك ئىجادىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. مەسىلەن: ناخشا، مۇقام، سۆز ۋە چاھار زەربگە ئوخشاش. ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا قارىغاندا خوش ئاۋاز ئىدى. ئىجادىيەتلىرىنىڭ شۆھرىتى ھەممىدىن كۆپ تارالغان. مەشھۇر مۇقاملىرىدىن بىرى، چارگاھ مۇقامى بولۇپ، بۇ مۇقامغا مەۋلانا تۇتىنىڭ شېئىرىنى سالغان ئىدى. ئۇنىڭ باشلانما بېيىتى بۇدۇر، مەتلەئ:

ئەي ساقى، ئەجەبا ئەتىنىڭ دەھشەتلىك ئىشلىرى بىزگە نامەلۇمدۇر،
بۈگۈن ئۆزىمىزنى خوش تۇتايلى، ئەتە نېمە بولۇشىنى كىم بىلىدۇ؟

بۇنى مىر بۇزرۇك تىرمىزى نامىغا باغلاپتۇ. بۇ تولىمۇ نازۇك ۋە گۈزەل ئىجادىيەتتۇر. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، خۇراسان مەملىكىتىدە، سەمەرقەند ۋە ئىراقتا ھەم بۇ ئىجادىيەتنى بىلمەيدىغان نەغمىچى يوقتۇر. بەلكى نەغمىچى بولمىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭمۇ ھازىرغىچە بۇ نەغمە ئېسىدىن چىقمىغان.

يەنە دۇگاھ مۇقامى بولۇپ، بۇنىڭغا مىرخۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى سالغانىدى. ئۇنىڭ باشلانما بېيىتى بۇكىم: مەتلەئ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەي، سىنىڭ مەڭزىڭنىڭ نۇرىدىن ھەربىر ئۆي يورۇپ كەتتى،
سىنىڭ چېچىڭنىڭ ھەربىر بۇدرىسى ئۈچۈن بىر كۆڭۈل
ۋەيرانە ۋە ئەسىردۇر.

بۇ بابۇر سۇلتان نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ تەسىرلىك ۋە مۇۋاپىق مۇقام بولغان. يەنە پەنجىگاھ مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭغا مەۋلانا كاتىبىنىڭ بىر شېئىرىنى سالغان ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ھۇزۇرلىناتتى. مەتلەئ:

بەزىدە سىنىڭ ھۆسنۈڭ ئاشىقلارنى قەتلى قىلىش ئۈچۈن چىققاندا،
بىر قاراش بىلەن يۈز شەھىدنىڭ مەقسىدى ھاسىل بولىدۇ.

ئۇ بۇ شېئىرنى سىلىشتا ئۇنىڭ مۇنۇ چۈشۈرگە بېيتىنى كۆزلىگەنىدى، قىتئە:

كاتىبىدەك ئاخشىمى غەم قىلساڭ، تاڭدا ئۈمىد قىل،
بۇ دۆلەتكە سۇلتان ئەبۇ سەئىد كەلدى.

بۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا نامىغا باغلىنىپ، ناھايىتى يېقىملىق مۇقام بولۇپ چىققان. ئۇ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى ۋە مەشھەتتىن كەلدى. غەزىلىدە بۇ ھۇمايۇن ھەزرەتنىڭ نامىغا ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىنى ئېيتىپتۇ. بېيت:

دەرگاھىڭنىڭ تۇپرىقىغا يالۋۇرۇش بىلەن يۈزلەنگىنىمدە،
كۆڭۈل يۈزىنى ئىقبال كەبىسىگە يۈزلەندۈرگەندەك بولىمەن.

ئۇ يەنە مۇقام ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى بېيتىنى سالغان. ئىنساپ بىلەن دېسەك، ئالەمدە بۇ ئىككى بېيتتەك بېيت ئاز يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدا مەدھىيىلەنگۈچى كىشىنىڭ بەشىنچى ئاتىسىغىچە زىكىر قىلىنغان. بېيت:

سۇلتان ھۇسەين خۇسرەۋگە ئوخشاش غازى ئاسان ئۇچرىمايدۇ.
ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ شاھ بولۇپ كەلگەن.
يەنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ،
ئۇنىڭ ئوغلى مەنسۇر بايقارا ئىدى.

بۇ شېئىردىن ئۇنىڭ يۇقىرى قابىلىيىتى ئىپادىلەنگەن.
ئۇنىڭ يەنە باشقا ئىجادىيەتلىرىمۇ بار. سۆز، غەزەل ۋە چاھار زەربىدەك ئاھاڭ، ناخشىغا ئائىت نۇرغۇن ئىجادىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇلاردىن خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولغانلىرى مەشۋەرەك، بەيارەك، راك، بەياتقا ئوخشاش مۇقاملار بولۇپ، ھەممىنى ئېيتىپ كەلسەك، سۆز ئۇزۇراپ كېتىدۇ.
ئۇ شېئىر ۋە مۇئەممما ئىلمىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك كەسىپ ئەھلى بولۇپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلارنى ئىجاد قىلاتتى. شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، زاماندىاش شائىرلارنىڭ يۈزدىن

بىردىمۇ مۇنچىلىك شېئىرىي قابىلىيەت يوق ئىدى. شائىرلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرى يازغان شېئىرلارنى پەھلىۋاننىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزەتتى ۋە پەھلىۋاننىڭ تۈزۈتۈپ بېرىشىنى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلاتتى، ئۇ بۇ پەندە ناھايىتى ئىستىداتلىق ئىدى. بۇ مەتلەئ (شېئىرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى مىسراسى) پەھلىۋاننىڭدۇر، مەتلەئ:

ئېيتتىكى: «ئىشقنىڭ ئالىمىدە ئىشىم غەم يېيىشىمدۇر؟»

«كۈشتىگىر» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىدى. بۇ مەقتەئ (شېئىرىي پارچە) ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ، مەقتەئ:

ئۇنىڭ مۇشك پۇرايدىغان چېچىنىڭ خىيالى بىلەن كۆڭۈلدىن چىققان دۇد،
كۈشتىگىرنىڭ بېشى ئۈستىدە خۇددى تۇغنىڭ بېشىدىكى قارا نىشانغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.

ئۇ مۇئەمما ئۇسلۇبىدا مۇستەقىل ئىجادكار ئىدى. باشقىلار مۇئەمما ئېيتسا، نۇرغۇن جاپالار بىلەن بىر بېيتتىن ياكى بىر رۇبائىيدىن ئاران بىر ئىسىم چىقىراتتى. پەھلىۋان بولسا شېئىرىيەت ئۇستازى بولۇپ، شېئىر، مۇئەمما چىقىرىشنى كۆزلىمىگەن بولسىمۇ، تەبىئىي ھالدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىن ئىسىملارنى چىقىراتتى. بۇنداق ئىش ھازىرمۇ غەزەللەر ئىچىدە قوللىنىلىدۇ.

جۈملىدىن ھەزرەت ھافىز شىرازىنىڭ بۇرۇنقى غەزىلىنىڭ مەتلەئى غايەت مەشھۇردۇر، بۇنىڭدىن «ئەلى» ئىسمىنى چىقىرىپتۇ. مەتلەئ:

ئەي ساقى، قەدەھنى ئايلاندۇر ۋە مەي قۇي،
ئىشق دەسلەپ ئاسان كۆرۈنگەنىدى،
ئەمدى مۇشكۇل چۈشتى.

خوجا ھافىز شىرازىنىڭ بۇ مەتلەئىدىن «ئەمىن» ئىسمىنى ھاسىل قىلىپتۇ. مەتلەئ:

ھازىر ئۆزۈمگە مەسلىھەت قىلدىمكى،
مەيخانىغا باراي ۋە ئۇ يەردە خۇشال ئولتۇراي.

ۋە باشقا كۆپلىگەن ياخشى رۇبائىيلىرى بار. بەزى بىر جايلاردا بىرەر مۇناسىۋەت بىلەن ياكى بىروۋنىڭ خېتىگە جاۋاب قىلىپ يازغان، بەزى يار ـ بۇرادەرلىرىگە ئەۋەتكەن رۇبائىيلىرىدىن بىرى بۇدۇركى، رۇبائىي:

ئەگەر ئەجەل كېلىپ، شادىسىز تېنىمدىن جاننى ئېلىپ كەتسىمۇ،
لېكىن ھېچقاچان مېنىڭ دىلىمدىن ساڭا بولغان مېھرىمنى ئالالمايدۇ.
تۇپراق زەررىسىگە ئايلانساممۇ، شامالنىڭ مېنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسترابادقا تاشلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ھەم بەزى مۇخلىس، ئىخلاسمەن يارانلارنىڭ خىتىگە جاۋاب يېزىپ مۇنداق دېگەن، رۇبائى:

رام بولغان ئاھۇيىڭنى ئۇنۇتما،
ئۆز رامىڭنىڭ ئوۋلىغىنىنى ئۇنۇتما،
ھەرقانداق خامۇشلۇق يۈز بەرسىمۇ،
ئۆز غۇلامىڭنى ئۇنۇتما.

ئۇنىڭ تېخى نەپىس قىتئەلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرىنى سۆزلەپ كەلسەك، سۇلتان ئۆستىڭى ياقىسىدا پەھلىۋان بىر مۇساپىرخانا بىنا قىلىپتۇ. ئۇنى تەرىپلىمەك، قۇياشنىڭ روشەنلىكىنى، مەينىڭ مەست قىلىشىنى تەرىپلىگەنگە ئوخشاشتۇر. بىر قېتىم سۇلتان ساھىبقىران ئوۋدىن قايتقاندا، شۇ مۇساپىرخانىغا چۈشكەنىكەن. بۇ چاغدا پەھلىۋان ئۇ يەردە يوق ئىكەن. شۇڭا پەھلىۋان ناھايىتى جىددىيلەشكەن ۋە تەسىرلەنگەن بولۇپ، پادىشاھقا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن مۇشۇ پارچىنى يازغانىكەن، مەقتە ئـ:

خۇدانىڭ سايىسى تەكىيەمگە ئۆز سايىسىنى چۈشۈرۈش بىلەن،
ئۇنىڭ شەرىپىنى ئاسماندىنمۇ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى.
ئەگەر ئاسمان ئۆز ئەتلىسىنى شاھقا پايانداز قىلغان بولسا،
كاشكى ئۆزۈم بولغىنىمدا جېنىمنى ئۇنىڭغا چاچقۇ قىلغان بولاتتىم.

تېخىمۇ ياخشى تەسىرلىك مەسنىۋىلىرى بار بولۇپ، خېلى مەشھۇر بولغان نەزىم ئەھلىگىمۇ بۇنداق بېيتلارنى يېزىش نېسىپ بولمايدۇ.

جۇملىدىن پىشقەدەم پەھلىۋان كۈشتىگىر بىر بەختسىز پەھلىۋاننى تەربىيىلەشكە ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. پەھلىۋان قېرىغان چاغدا ئۇ بالا ئۆز زامانىنىڭ داڭلىق چېلىشچى پەھلىۋانى بولۇپ يېتىشتى. ئۇ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ تەبئىيتىگە مۇناسىپ، ئۇنىڭ ئۈلپەت ھەمرىيى، پەھلىۋاننىڭ دىلكەش پەرزەنتى، سورۇننىڭ چىرىقى ئىدى. ئۇ بىۋاپالىق قىلىپ پەھلىۋاندىن ئايرىلدى. پەھلىۋان نومۇسلۇق، غەيرەتلىك ۋە جىگەرلىك كىشى ئىدى. خاپىلىقتىن دىلى ئۆرتىنەتتى، ۋۇجۇدى ئارامسىزلىناتتى. ئەمما ھېچكىمگە مۇتلەق بىلدۈرمەيتتى. بىراق پېقىرغا دېمەيدىغان سۆزى ۋە مەخپى سىرى يوق ئىدى.

ئەلقىسسە، پەھلىۋان پىر قېرىغان چېغىدا، ئۆمۈرنىڭ بىۋاپالىقى ۋە قېرىلىقنى شەرھلەپ بىر مەسنىۋى يازغان ئىدى، ھەر بەش - ئون بېيتنى يېزىپ بولغاندا بۇ پېقىرغا كۆرسىتەتتى، ئاندىن يەنە داۋامىنى يازاتتى، مەسنىۋى:

ئەگەر ھالىم پەلەككە مەلۇم بولسا،
يۈزلەرچە كۆز بىلەن ئەھۋالىمغا يىغلايتتىم.
ماڭا دوستلۇقنىڭ غۇنچىسى ئېچىلغانىدى،
ۋاي ئېسىت، ئۇنى كۆز شامىلى ئېلىپ كەتتى.

ئۆمۈر بويى ياخشىلىق ئۇرۇغى تەردىم،
ئۈنۈپ چىققاندا، ھوسۇلىنى يىغالمىدىم.
شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىكلىك ماڭا ئاچچىق بولدى،
قېرىلىق مېنى ياشلىقتىن ئىرغىتىپ تاشلىدى.
مەن ئەمدى زەنجىردىكى بىر شىردۇرمەن،
قېرىلىق غېمى مېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈردى.
ئاتا بالىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلەيدۇكى،
تاكى ئۇ چوڭ بولغاندا غەمخورلۇق قىلسۇن دەپ.
ئۇنىڭدىن ياشلىقىدا نەتىجە چىقسۇن،
قېرىلىقتا ئۇ ئىشقا يارىسۇن.
مېنى قېرىلىق ئاخىرىدا شۇنداق يىقىتتىكى،
ياشلىق مېنىڭ ئۈچۈن ھېچ پايدا بەرمىدى.

ئۇ مەسنىۋىنىڭ ئاخىرىنى پادشاھقا دۇئا قىلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپتۇ. بۇ بېيىتلاردىن پەھلىۋاننىڭ تەبىئىتىدە قانچىلىك دەرىجىدە دەرد ـ ھەسرەتنىڭ ئىزناسى بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە ئارۇز سەنئىتىدە، قاپىيە پېنىدە ھەم كۆپ مەلۇماتلىق ئىدى.

قىرائەت ئىلمىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. تەجۋىد قائىدىسى بىلەن مۇڭلۇق قىرائەت قىلاتتى، گاھىدا قارىيلار قىرائەت ئىلمىنىڭ ئۇسۇللىرىنى پەھلىۋاندىن سورايتتى. ئۇ ئاسترونومىيە ئىلمىنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى بىلەتتىكى، ئۇنىڭغا كىشىلەر ھەربىر تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن مۇنەججىملىك قىلدۇرۇپ، تەلەي پالى يازغۇزاتتى.

تېببىي ھېكمەت ئىلمىدىنمۇ ئالاھىدە مەلۇماتلىق بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىستېداتلىق ئىدى. مەۋلانا قۇتبى دېگەن كىشى بۇ مەملىكەتتە مۇشۇ ئىلىمنىڭ مەشھۇر ئۇستازى ئىدى. پەھلىۋان بۇ ئىلىمنى شۇ كىشىدىن ئۆگەنگەنىدى. مەۋلانا ئەلى مۇلۇك بىلەن مەۋلانا ئابدۇسالامنى زامانىنىڭ لوقمان ھەكىمى دېسە بولىدۇ. پەھلىۋان ئۇلار بىلەن دوست ھەم سۆھبەتداش ئىدى. دائىم بۇ پەندە بەس ـ مۇنازىرىلەر ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار پەھلىۋاننىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ئىشەنچىلىك ئۇستاز دەپ بىلەتتى.

ۋە يەنە فىقھە ئىلمىدا پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ قاتارلىق جەھەتلەردە زاھىدلارنىڭ تولىسىغا مەلۇم بولمىغان، ئۇلار تەرىپىدىن ئىگىلەنمىگەن ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئۇ يەنە ئۇستازلارنىڭ بېيىتلىرىدىن تۆرلۈك قەسىدە، غەزەل، مەسنىۋىلەرنى ھەم كۆپ ھەم ياخشى ياد بىلەتتى. ھەر قانداق جايدا تۆرلۈك مۇناسىپ نەزمىلەرنى شېرىن ئىبارىلەر بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتەتتى. بەزى سورۇنلاردا گۈزەل كۈيلەرگە ساز چالاتتى. نەسىر ياكى نەزمىدىن سۆز ئېچىلىپ قالسا، سورۇنغا ھازىر بولغان كۆپچىلىك كىشىلەرگە، ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەنچە بېرەتتى.

ئۇ تەرىقەت ئەھلى بولغان مەشايىخلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ـ مۇلازىمىتىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوبۇللۇقىغا ئېرىشىپ مەرتىۋىسى ئاشقانىدى. ئۇ يەنە ھەر تەبىقىدىن بولغان تەرىقەت ئەھلىگە، پەھلىۋانلارغا ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرگە خىزمەتلەر قىلاتتى. بۇ بۇزرۇكۋارلار ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئالار قىلىپ، فاتىھە،

www.uyghurkitap.com

تەكبىر ئوقۇيتتى. ئۇنى ھەقىقىي ھىممەتلىك دەپ بىلگەچكە چىن قەلبىدىن ئۇنىڭ بىلەن سىرداش بولۇپ، ئۇنىڭغا تون ـ سەرۇپايلارنى ھەدىيە قىلاتتى. ئاللاتائاللا ئۇنىڭغا شۇنداق قابىلىيەت ۋە كارامەتلەر ئاتا قىلغانىدىكى، ھەرقانداق ئىشنى قىلسا، ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماي قويمايتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرى شۇ پەننىڭ ماھىر كىشىلىرىگە ياقاتتى. ئۇ شۇنداق بىر يېقىشلىق خۇسۇسىيەتنى ياراتقانىدىكى، تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشەتتى. يېقىشلىق ھەرىكەتلىرى نۇرغۇن، گۈزەل ئەخلاق ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ، مىجەزىدە سېخىيلىق غالىب، تەبىئىتىدە شەپقەت ۋە كەڭ قوللۇق بار ئىدى. چوڭلارغا زۆرۈر بولغان خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈرەتتى، كىچىكلەرگە، ئاجىزلارغا شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانلىق ئىدى، ھاللىق، پاراۋان تۇرمۇشلۇق كىشىلەرگە شېرىن سۆزلۈك، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە خەير ـ ساخاۋەتلىك ئىدى. ئۆزىدە ھەممىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشى يېتەرلىك ئادەم ئىدى.

پەھلىۋان مەيلى مۇساپىرخانىسىدا بار بولسۇن، مەيلى سەپەردە ۋە باشقا يەردە بولسۇن كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەتتە ئۇنىڭ مۇساپىرخانىسىدا بىردەممۇ ھەرىكەت ـ پائالىيەت توختاپ قالمايتتى. پەھلىۋاننىڭ تەكىيخانىسىدا تۈرلۈك تائاملار تەييار ئىدى. بۇ نازۇ ـ نېمەتتىن پېقىرلار، مىسكىنلار، مۇقىملار ۋە مۇساپىرلار ھەممىسى بەھرىمەن بولاتتى. بايلار، نوپۇزلۇق كىشىلەر، ئېسىلزادىلەر، شاھزادىلەر، مۆتىۋەرلەر، ئۇلۇغلارمۇ بۇ نازۇ ـ نېمەتتىن بەھرىمەن ئىدى. ھەتتاكى سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى بۇ جايغا كېلىپ قالسا، ئەنە شۇ تىلغا ئېلىنغان خىلمۇ خىل تائاملار تارتىلاتتى. نېمە پىشۇرۇلغان بولسا شۇنى پەھلىۋاننىڭ خىزمەتچىلىرى سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرەتتى. ئەگەر ئۇلار كەلتۈرمىسە، سۇلتاندىن كىشى كېلىپ ئېلىپ كېتەتتى، مەيلى ئىچىملىكلەر ياكى تاتلىق يېمەكلىكلەر بولسۇن، شۇ تائاملار چوقۇم تارتىلاتتى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن پېقىرلار، غېرىبلار بەش ـ ئون كۈن، ھەتتا بىر ـ ئىككى ئاي تۇرسىمۇ جاپا تارتمايلا يېمەكلىكلەردىن كۆنگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تاماقلىناتتى. ئۇلاغلىرىغا ئارپا، سامان، ئۆزلىرىگە بېزەلگەن تۇرالغۇ ئۆيلەر تەييار ئىدى.

بۇ خالايىقنىڭ كۆپىنچىسى مۇساپىرخانىغا بارسا پەھلىۋاننىڭ ئادەمگەرچىلىكى سەۋەبىدىن يول خىراجىتى ۋە بەزى دەرۋىشانە لىباسلارغا، شۇنداقلا تەۋەررۈك نەرسىلەرگە ئېرىشەتتى. تەرىقەت ئەھلىنىڭ ھەممىسى پەھلىۋاننىڭ فاتىھە، تەكبىرىگە ئېرىشمىگۈچە، خۇددى ئىشلىرى تامام بولمىغاندەك بىلىنەتتى. پەھلىۋان بارچە سەييىدلەر (خوجىلار)، ئۇلۇغ مەشايىخلار ۋە ئۆلىمالار، فەقىرلەرنىڭ دىل سۆيگۈسى ئىدى. پادىشاھ ھۇزۇرىدىكى دۆلەت ئەركانلىرىدىن تارتىپ شانۇ شەۋكەتلىك بەگلەر ۋە ئورنى يۇقىرى ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار ۋە بارلىق خالايىقلار ھەممىسىگە پەھلىۋان بىلەن بىللە بولۇش خۇددى نورۇز بايرىمى چاغلىرىدىكىدەك خۇشاللىق تۇيۇلاتتى. ھەتتا پادىشاھزادىلەرمۇ بىردەممۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى، ھەر كۈنى پادىشاھزادىلەردىن بىرنەچچە ئىشەنچلىكلەر ئاتلىنىپ، پەھلىۋاننىڭ مۇساپىرخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەر قىلاتتى، پەھلىۋان بۇلارنىڭ ھەممىسىگە لايىقىدا خىزمەت قىلىپ، ئۇلارغا سورۇن ھازىرلايتتى. نازۇ ـ نېمەتلەرنى تارتىپ مۇشائىرىلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى. سازەندىلەرنى تەلەپ قىلىپ ساما سېلىپ، ساپايى چېلىپ، ئۇلارنى خۇشھال ۋە كۆڭۈللۈك ئۇزىتاتتى.

سۇلتانلارنىڭ سۇلتانىنىڭ پەھلىۋانغا ئالاھىدە مېھرىبانلىق ۋە دوستلۇقى، ئاجايىب ئىشەنچلىك مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ پەھلىۋان قاتناشمىغان ھالدا ھېچقانداق

ئۇلتۇرۇش ـ سۆھبەتنى قىلمايتتى، بارچە سورۇن ۋە يىغىلىشتا پەھلىۋان ھازىر ئىدى. ئۇ بارلىق سۆھبەتلەرنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى. يىغىلىشقا خۇشاللىق، جانلىقلىق ئېلىپ كېلىدىغان شېئىر، مۇئەمما، مۇزىكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىستېداتى ۋە مەلۇماتى بار ئىدى. ئەنە شۇ پەنلەردە خۇددى شۇ پەننىڭ كەسىپ ئەھلىدەك ماھىر ئىدى. سۆھبەتلەردە بولسا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئۇ سۇلتانلار سۇلتانىنىڭ سۆھبەت سورۇنىدا پادىشاھنىڭ مۇڭدىشى، يالغۇز چاغلىرىدا سىرداش مەھرىمى، ھەرقانداق چاغدا سىردىشى، دىلدىشى ئىدى. بۇ سۆزلەر تەكەللۇپ ۋە مۇبالىغىدىن خالىي بولۇپ، پادىشاھدىن يوقسۇلغىچە، تەرىقەت ئەھلىدىن تارتىپ خىرىستىيانغىچە پەھلىۋاننىڭ سۆھبىتىنى ئارزۇ قىلمايدىغان، سۆيمەيدىغان كىشى يوق ئىدى.

سۇبھانالла، يۇزمىڭ ھەمدۇ سانا ۋە چەكسىز مەدھىيىنىڭ ئىگىسى بولغان قۇدرەتلىك ئاللانىڭ كارامىتى شۇنداقكى، بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن ياراتقان بەندىسىگە شۇنچىلىك قابىلىيەت، قوبۇلىيەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە يېقىملىق ھەرىكەتلەرنى، ھەممە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان مۇنچە كامىل پەزىلەتلەرنى ئاشكارە بېرىپتۇ. مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئىلاھنىڭ ئىشقى بېرىلگەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن پۈتۈن جاھان خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ، ئۇلارنى مۇرىتلىق زەنجىرى بىلەن چىڭ باغلىدى.

ئەلقىسسە، پەھلىۋاننىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ يۈكسەكلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەھۋاللىرى تەققى ـ تۇرقى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىقلىقى ھەققىدە بايان قىلماقچى بولغانلارنىڭ تىلى قىسقا، داستانچىلارنىڭ نۇتۇقى ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئۇ قىرىق يىلغا يېقىن بۇ پېقىر بىلەن جان دوست ۋە سىرداش ھەمرا بولۇپ ئۆتتى. ئېغىرچىلىق، پالاكەت باسقان ۋە باشقا كۆڭۈل چۈشكەن چاغلاردىن، شان ـ شۆھرەت قازانغان چاغلارغىچە، بىز ئىككىمىز كۆپرەك ۋاقىتتا بىللە بولغان، ھەر كوچىدا بىللە يۈرگەن، ھەر يولدا بىللە يۈگۈرگەن. ئاخىرى ئۆزىنى بىر ئۇلۇغ ئەھلى تەرىقەت خىزمىتىگە كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدەك كىشىنىڭ يولداشلىق ۋە ھەمراھلىقىنى قانداقمۇ يېزىپ تۈگىتەلەيمەن؟ قەلەم ئارقىلىق قانداقمۇ بايان قىلىپ بولالايمەن؟

بۇندىن ئارتۇق بولماسكى، بىر ئادەمنىڭ قىرىق يىل مېنىڭدەك بىر ئۆزۈمچىل، ئاۋارە، پەرىشان ھال بىر كىشى بىلەن دوست ئۆتۈشىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن كۆڭۈلگە كېلىدىغان بىرەر ئىش سادىر بولغان ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن كۆڭۈلگە ئازار يەتكەنمۇ ئەمەس، ئۇ ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولغانكى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭدىن كۆڭگە مۇھەببەت رىشتىسى مۇستەھكەم باغلانغان ۋە دوستلۇق قائىدىسى تېخىمۇ پۇختا بولغان ئىدى. ھالبۇكى، يەتمىش ئىككى پىرقە بىلەن بولغان باردى ـ كەلدى مۇئامىلە ئۇشبۇ يول بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپ ئۇنىڭ مەندىن يېقىنراق باشقا بىر دوستى يوق، دېگەن تونۇشقا كېلەتتى.

ئۇنىڭ ئۆتكۈر زېھنى، ئىنچىكىلىكى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى توغرىسىدىكى بىر نەچچە ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى، ئەمما ئۇنى بايان قىلىش مۇناسىپ ئەمەس ئىدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ زامانىدا خۇراسان ئەھلى ۋە سەمەرقەند ئەھلى ئۇنىڭغا ئەسىر چۈشكەنىدى. ئەبۇ سەئىد ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك زۇلۇملارنى سالاتتى، بۇ ئەسىرلەر ئۇنىڭغا ئىتائەتمەن ۋە پەرمانبەردار ئىدى.

پېقىرنىڭ نامراتلىق ۋە كېلىشمەسلىك كۈنلىرىدە تەقدىر ۋە تەلەي پېقىرنى مەشھەدكە ئېلىپ باردى ۋە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن مېنىڭدە رىماتىزىم كېسىلى پەيدا بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر ھوشۇمدىن كېتىپ بىر بۇلۇڭدا يېتىپ قالدىم. دەل شۇ مەزگىللەردە، پەھلىۋان مەشھەدتە خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ زات بۇ پېقىرنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەر كۈنى پېقىرنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ماڭا شۇ قەدەر شەپقەت، مېھرىبانلىق ۋە دوستلۇق يولى بىلەن مۇھەببەت، غەمخورلۇق بەجا كەلتۈرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كېسىلىم ساقايدى. مەرھۇم مەۋلانا ئابدۇسالام شىرازى ئۆز زامانىنىڭ ماھىر تېۋىپى ئىدى. ئۇ پېقىرنى داۋالاۋاتاتتى. تېۋىپلارنىڭ ئادىتىدە، كېسەلنىڭ مىزاجىدىن داۋالاش بىلەن كېسەلنى يوق قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەن خىلىت تېرىنىڭ ئاستىدا قالاتتى. ئالدىنى ئېلىشتا، بۇ ماددىنى تەجرىبە قىلىپ يوقىتاتتى. ئۇ تېۋىپ پېقىرغىمۇ مۇشۇ داۋانى بۇيرۇدى. پەھلىۋان مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت يۈزىدىن ھەر كۈنى مېنى يوقلاپ كېلەتتى. ئۇۋىلاش ھۈنىرىنى ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك ياخشى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ھۆكۈما سۆپەت كىشى ئىدى. ئۇ كېسەل داۋالاشقا كۆڭۈل بۆلەتتى.

بىر كۈنى سەھەردە، پېقىر بىر شېئىر يازغانىدىم، مەتلەئـ:

ھەر قايان باقسام كۆزۈمغە ئول قۇياشدىن نۇر ئېرۇر،
بىر تەرەپ قىلسام نەزەر ئول ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.

بۇ شېئىر يەتتە بېيت ئىدى. كوپىيىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالغان بولۇپ، تېخى ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەنىدىم. پەھلىۋان ئىلتىپات يۈزىدىن دائىملىق ئادىتــى بويىــچە ئىگىنىمنى، ئەزالىرىمنى تۇتاتتى.

ئۇ شۇنداق سۆز باشلىدى:

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سىز تۈركىي شېئىرنى ياخشى يازىدىكەنسىز. تۈركچە شېئىر يازىدىغان شائىرلار ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. سىزگە بىر سوئالىم بار، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسىڭىز.

— بىلسەم جاۋاب بېرەي، سوئالىڭىزنى ئېيتىڭ، — دېدىم.

— شېئىرلىرى جاھاندا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان تۈركىي شائىرلاردىن قايسىــسى شېئىرنى ئەڭ ياخشى يازىدۇ؟

— ھەممىسى ياخشى يازىدۇ.

— سىز تەكەللۇپ ۋە كەمتەرلىكنى قويۇپ، نېمە قانداق بولسا، شۇنى ئېيتىڭ. ھەممىسى بىر خىل ئەمەس، پەرقى بار، ئەلۋەتتە.

— مەۋلانا لۇتفى ھەممىسىدىن ئۈستۈن، ئۇ ھەممە تۈركىي شائىرلارنىڭ ئۇستازى ھەم سۆز پادىشاھىدۇر.

— نېمىشقا سەئىد نەسىمىنى دېمەيسىز؟

— ئېسىمگە كەلمەپتۇ. سەئىد نەسىمىنىڭ شېئىرلىرى باشقا رەڭگە ئىگە. ئۇ زاھىر ئىدراكلىق شائىرلاردەك شېئىر يازمايدۇ. بەلكى ھەقىقەت يولىنى ئادا قىلىدۇ. سىزنىڭ ئەسلىدە بۇ سوئالنى سوراش ئوبيېكتىڭىز مەجاز ئۇسلۇبىدا شېئىر يازىدىغان شائىرلار ئىدى.

پەھلىۋان كىنايە بىلەن:

— سەئىد نەسىمى تۈرۈۋىلۇق سىز لۇتفىنى ئۈستۈن قويىسىز. ۋەھالەنكى نەسىمىنىڭ شېئىرلىرى زاھىرلىق يۈزىسىدىن مەجاز يولىغا ئـالاقىدار، مەنـا جـەھەتتىن ھـەقىقـەت يولىدا، — دېدى.

ئاندىن پەھلىۋان شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى ۋە يۇقىرىدا پېقىر يازغان شېئىرنى ئوقۇدى. پېقىر بۇ شېئىرنى بۈگۈن سەھەردە يازغانىدىم، ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەنىدىم. ئۇ ئالدى بىلەن مەتلەئىنى ئوقۇدى، ئاندىن قالغىنىنىمۇ ھەم بىر - بىرلەپ ئوقۇدى. تەخەللۇس ئېلىنغان بېيت مۇنداق ئىدى. مۇقتەئان:

نەۋائى ئەگەر كۆمۈش بەدەنلەر ۋەسلىنى ئىزدەپ رىيازەت چەكسە ئەجەبلەنمە،
چۈنكى خام خىيال جاپادىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«نەۋائى» نى «نەسىمى» گە ئۆزگەرتىپ ئوقۇدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بېيتتا «نەۋائى» دېيىش مۇۋاپىق ئىدى.

پېقىر ئەجەبلەندىم. ئاستا يانچۇقۇمغا قولۇمنى سالدىم. كوپىيە يانچۇقۇمدا بار ئىدى. ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى.

پەھلىۋان ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇ شېئىرنىڭ بېيتلىرىنى تەكرار ئوقۇيتتى. بۇ ئىشنى تېگىرقىغان ھالدا سورىدىم ۋە بۇ ئىشنىڭ جەريانىدىن خەۋەردار بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسپاتلارنى كۆرسەتتى. پېقىر تەكرار سورىغانسېرى، پەھلىۋانمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇراتتى. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن سورىدىمكى:

— بۇ شېئىرنى قاچان يادقا ئالغانىدىڭىز؟

ئۇ دېدىكى:

— ئون ئىككى يىل بولدى، بابۇر مىرزىنىڭ بىر مەجلىسىدە بۇ شېئىر ئوقۇلغانىدى، مەن ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالغاچقا، كۆچۈرۈۋالدىم ۋە يادلىۋالدىم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈن ئۆتتى. ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ ئادىتى بويىچە يەنە كەلدى. يەنە سۆھبەت بولدى، يەنە بۇ سۆز ئارىغا چۈشتى. پېقىر يەنە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى قايتا - قايتا سورىدىم. بۇ قېتىم ئۇ: «بۇ شېئىرنى يادقا ئالغان ۋاقتىمدا، كۆشتىگىرلاردىن بىر نەچچىسى بار ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆگىنىپ يادقا ئالغانىدى» دەپ، ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن بىرنەچچە پارس كۆشتىگىرنى تاشقىرىدىن چاقىرتىپ كىرىپ:

— مەن بىلەن بابۇر مىرزىنىڭ مەجلىسىدە يادلىغان نەسىمىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇڭلار، — دېدى. ئۇلار بىردىن، بىردىن ئوقۇدى. پېقىرغا تەئەججۈپ ئۈستىگە تەئەججۈپ يۈزلەندى. پەھلىۋان ئۆز سۆزىنىڭ راستلىقىدا چىڭ تۇردى. تەكرار سوراشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. چۈنكى گېپىنىڭ راستلىقىغا بىر نەچچە گۇۋاھچى كەلتۈرگەنىدى.

ئاخىر مەلۇم بولدىكى، ئۇخلايدىغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ قولىغا يانچۇقۇمدىكى قەغەز ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇ ئاستا قەغەزنى ئېلىپ، شېئىرنى يادلىۋېلىپ، يەنە يانچۇقۇمغا سېلىپ قويۇپتۇ ھەم يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ. مۇساپىرخانىسىغا بارغاندا، بايىقى كۆشتىگىرلارغا بۇ شېئىرنى يادلىتىپتۇ. ئوقۇغان چاغدا راۋان ئوقۇسۇن، دەپ ئۇلارغا كۆڭۈل قويۇپ تەكرارلاشقا بۇيرۇپتۇ.

پەھلىۋاننىڭ مۇنداق ئاجايىپ ئىشلىرى نۇرغۇن بولۇپ، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان ۋە ئەقلىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان قىزىقچىلىقلىرى كۆپ ئىدى.

پېقىر ئاسترابادتىن بىر مەكتۇپ يېزىپ، بۇ رۇبائىنى تىركەپ قويغانىدىم، رۇبائى:

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر يولىدا سىنىڭ يېتەكلىشىڭ بىلەن،
پانىيلىق دائىرىسىدە سىنى ئەسلەپ سۆز سۆزلەيمىز.
ھەممىمىز كىچە ـ كۈندۈز سىنى ئەسلەيمىز.
يەنى، سىنىڭ نىمەت ئاباتىڭدىن يېتىم بولغانلاردىنمىز.

پەھلىۋان جاۋاب مەكتۇبىدا بۇ رۇبائىينى يازغانىدى، رۇبائى:

ئەي مىر، سەن پىرسەن.
بىز سىنىڭ يولباشچىلىقىڭدا ماڭىمىز.
دائىم سىنى يادلايمىز ۋە ساڭا دۇئا قىلىمىز.
بۇ شەھەردىن سەن خۇرسەن بولساڭ،
بىز سەن بىلەن خۇرسەنمىز.
ئۆلسەك، سىنىڭ ئاستراباتىڭ خاراباتى بولۇپ ئۆلىمىز.

سۇلتان ساھىبقىراننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، پەھلىۋاننىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھەممىسى باش ئېگەتتى. ھەقىقەتتىمۇ، بۇ ئادەم شۇنىڭغا لايىق ئىدى.

«نىمەت ئابات» ئۇنىڭ مۇساپىرخانىسى ئىدى. پادىشاھلىقتىن يۈزگە يېقىن كۆشتىگىر يەنە يۈزدىن ئارتۇق مۇلازىم پەھلىۋاننىڭ خىزمىتىگە تەيىنلەنگەنىدى. بۇ يۈزدەك كۆشتىگىرلاردىن ئون نەچچىسى پەھلىۋاننىڭ شاگىرتى ئىدى ۋە يەنە يىگىرمىگە يېقىن بەستلىك ۋە ياش كۆشتىگىرلار بار بولۇپ، ھەممىسى جەڭگىۋار ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئون ـ ئونبەش سۇلتانلار مەجلىسىدە سازەندە، شائىر، ناخشىچىلار بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. بۇ سىلسىلە بۇ گۇرۇھ ئەھلىدىن ھېچقايسى ھېچكىمگە قول بەرگەن ئەمەس ئىدى. دېمەك، مۇشۇنىڭغا يارىشا، بارچە تەربىيەت ۋە گۈزەل ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بۇلار ئۈچۈن تەييار ئىدى.

تۇيۇقسىز پەھلىۋاننىڭ مۇخلىسلىرىدىن بىرى پېقىرنىڭ قېشىغا ھۇدۇققىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە پەھلىۋان تۇيۇقسىز بىھوش بولۇپ يىقىلىپ قاپتۇ. تېۋىپ ئەۋەتىسىڭىز، دەپ خەۋەر قىلدۇق، دېدى.

مەۋلانا ئابدۇلھەي بىلەن مەۋلانا نۇرىددىن يېنىمدا ئىدى. ئۇلارنى تېزلىك بىلەن ئەۋەتتىم. ئۇلار بارغىچە پەھلىۋان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىكەن. تېۋىپلار بىر دەمدىن كېيىن، پەھلىۋاننىڭ قايغۇسىدا ھازىردار بولۇپ، يۈز دەرد، مىڭ ھەسرەت بىلەن قايتىپ كەلدى.

بۇ ھالدىن سۇلتان ساھىبقىران غەم ـ ئەندىشە، قايغۇ ۋە خاپىلىقتىن ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلايتتى، شاھزادىلەرمۇ مۇشۇ ھالدا ماتەم تۇتتى. دۆلەت ئەركانلىرىدىن ئۇلۇغ ئەمىرلەر، ئىقتىدارلىق ۋەزىرلەر، پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى، خۇسۇسەن ھازىدارلارنىڭ ھەممىسى پەھلىۋاننىڭ ئىخلاسمەن دوستلىرى ئىدى. بۇلار ھەممىسى ئىختىيارسىز ھازىدارلىق قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى ماتەمىن تۇتتى. شەھەر ئاھالىسىدىن شەنى ئۇلۇغ خوجىلار، مەرتىۋىلىك زاتلار، ئورنى يۇقىرى ئالىم ـ ئۆلىمالار، ئۇلۇغ ماشايىخلار، ھۆرمەتلىك قازىلار، پۇقرالار ھەممىسى ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، ماتەم لىباسى ۋە مۇسىبەت

پالىزىغا يۈگىنىپ مەرسىيە ۋە تارىخنامىلار ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. بەلكى ھەر بىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھازىدار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى. پاراسەتلىك شائىرلار، زىرەك دانالار پەھلىۋاننىڭ ھەر ۋاقىت ھەمراھى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئىدى. پەھلىۋان دائىم ھەقىقەتپەرۋەر، تەرىقەت ئەھلى ۋە تەرىقەتنى قولغا كەلتۈرگەن ھەقىقەت ئەھلىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، ئۇلار بىلەن دىلكەش ئىدى، بۇلار ھەممىسىنىڭ كۆڭلى مالال بولۇپ يىغلاپ، شۇ ماتەمدە پەرىشان ۋە بېشى قايغان ھالدا ھازىدار بولدى. مۇساپىرخانىدىكى ئىخلاسمەن دوستلار، خىزمەتچىلەر، سورۇنداش ۋە بارلىق غېرىب، پېقىر، مىسكىنلەر «ئاھ، ئىسىت» دەپ، مۇسىبەت پىغانىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلايتتى.

سۇلتان ساھىبقىران پەھلىۋاننىڭ دەپنە قىلىنىدىغان جايىنى «نېمەت ئابات» ئىچىدىن قىلدى. پەھلىۋان ھايات كۈنلىرىدە، بۇنى ئۆزى ئۇچۇن ياساتقانىدى. پادىشاھ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، داغدۇغا بىلەن خەتمە قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، خەتمە قۇرئان قىلدى.

پەھلىۋان ھەزرىتى مەخدۇم شەيخۇلئىسلام، كىشىلەرنىڭ ئىلتىجاگاھى مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇررەھمان جامىدىن بىر يىل كېيىن ھەم ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ تار، قىستاڭ پانى دۇنيادىن بەقا گۈلشەن بوشلۇقى ـــ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇل ھەزرەتنىڭمۇ پەھلىۋانغا مەخسۇس ئىلتىپاتى بار ئىدى ۋە ئۇنىڭغا سۆھبەتداش ھەم دوست ئىدى. ئالاھىدە سىرداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ۋاپاتىنىڭ تارىخى ئاجايىپ ئۇسلۇبتا يېزىلىپتۇ. ۋاپات تارىخى ئۇشبۇدۇر:

يەتتە ئىقلىم پەھلىۋانى مۇھەممەد،
دۇنيادا ئۇنىڭ مىسلى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر.
ئۇ سوپىلارنىڭ (ئەھلى تەرىقەتنىڭ) بېشى ھەم سەرھەلقەسى،
ئىقبال يۈزىدىن دەۋرىنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى بولغان.

ئالەم تاپانچى جام مەرتىپەتچىسى جامىدىن بىر يىل كېيىن ۋەيرانە ھالدىكى بۇ كونا دۇنيادىن جەننەت تامانىغا يۈرۈش قىلدى، كىمكى ۋاپات تارىخىنى سورىسا، ئېيتىمەنكى، «مەخدۇمدىن بىر يىل كېيىن» (ھىجرىيە 899 ـ يىلى، مىلادىيە 1493 ـ يىلى) ھەزرەت سۇبھانەۋەتەئالا ھەر زامان يۈز قەندەل نۇر ۋە مىڭ شامدان خۇشاللىق ئۇنىڭ روھىغا نازىل قىلسۇن ۋە ئۇنىڭ روھى مەرھەمىتىدىن بۇ غەمكىن، غەمدىن سۇنۇق ماتەمدار كىشىلەرنىڭ دۇنياۋى مەقسىتىنى ۋە ئاخىرەتلىك مۇرادىنى ھاسىل قىلسۇن!

ئامىن، ئامىن.

رۇبائى:

قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ياتقان جايى نۇرغا تولسۇن،
جەننەت چىمەنىدە ئۇنىڭ روھى شاد بولسۇن.
ئاللانىڭ رەھمىتىدىن گۇناھلىرى مەغپىرەت بولسۇن،
كەۋسەر سۈيى مەي، جۈپتى ئۇنىڭ ھۆر بولسۇن.

# كىتابى ئابدۇللاھ[1]

## ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب مۇھەممەد سادىق ئاخۇند فوسكامى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

## مۇتەۋەللى ئاخۇم

مۇدەررىسلەر ئاراسىغە يەقىنلىق مۇتەۋەللىدۇر،
ھوسۇلىنى بىرۇرگە ۋەقف زەمىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ئىشىدۇر مەدرەسە ـ مەسجىد ھوسۇلىنى يىغىپ بەرمەك،
ۋە بەئزەن ۋەقتىلەردە خوب قىيىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ئۇلارنىڭ غەرەزىدۇر ۋەقفلەرگە ئەجر قىلدۇرماق،
خەلايىققە دېگەن سۆزدە شىرىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ئوشۇل بىچارەنىڭ ۋەقف يەرگە قىلغان خىزمەتى كۆپدۇر،
بۇ بارغان ۋەقفگە سۇلار ئاقىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ۋە بەئزەن مۇتەۋەللىنىڭ كۆڭۈلدە قانچە فىكرى بار،
ئوشۇنداغ ئاخۇنۇم ئالباستى ـ جىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ئەگەر سەھرادا ئولتۇرسە كالا ـ قوي، ئەچكۈنى چوغلاپ،
مۇدەررىس ئاخۇنۇملارغە سىغىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
مۇبادا ئاخۇنۇملاردىن يۇز ئۆيرۇپ قىلسە سەرگەشلىك،
ئوشۇل يۇزلەر ئەجايىب بىر قالىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
قەنائەت قىلماسە ئونىڭ بىرى ـ ئۆز ھەققىغە ھەرگىز،
ھەمىشە قورساقى شەيتان لەئىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ئەگەر بۇ مەدرەسە ـ مەسجىدنىڭ ئەۋقافى يىراق بولسە،
ئانى چاغلاپ بىرىپ كۆڭلى ئىمىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ۋە بەئزەن يەرنى ئۆزىنىڭ ئاتىدا ئۇسكۇنات ئەيلەپ،
بىنام دەپ شۇبۇ يەرنى ھۇل شىپشىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ۋە ھەر قايداغدا بولسە ۋەقفدىن ھاسىل قىلىپ دائىم،
مۇدەررىسلەرنى قىلغان تون سىپتىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.
ئىجارە ـ ئۇسكۇنات، دەڭچى بىلەن ۋەقف يەر ئىبرۇر ئاباد،
ھەمە ئەۋقاتىغە بائىس ئىگىنلىق مۇتەۋەللىدۇر.

[1] بېشى ئۆتكەن ساندا

ھەر ئىشدا مۇدەررىس ئاخۇندلارىغە يەتكۇزۇپ ھاسىل،
مەئىيشەت يەتكۇزۇپ قىلغان كىلىنلىق مۇتەۋۋەللىدۇر.
بۇلارنىڭ بەئزى قىلغان جورئەتنى كۆرسەلەر ھەي ـ ھەي!
چاقىپ ھەربىر ئىگىز يەرنى چىقىنلىق مۇتەۋۋەللىدۇر.
ۋە قانچە ئۇسكۇناتغە ئەجر مىسلى قوندۇرۇپ ئالغاچ،
ئىجارە بەرمەسە بەگكە چىقىنلىق مۇتەۋۋەللىدۇر.
سەن ئەسلا مۇتەۋۋەللىلىك قىلالغايسەنمۇ، ئابدۇللاھ،
مىزاجى بەئزدە يۇمشاق مەينىلىق مۇتەۋۋەللىدۇر.

## ئىمام ئاخۇنۇم

ئەھلى مۇئمىنگە جەمائەتنى بەيان قىلغان ئىمام،
بىنەماز يۇرگەن ھەماقەتنى ئەيان قىلغان ئىمام.
كىمكى مەسجىدكە كىرەر مىھمان ئىرۇر تەڭرىغە شول،
ئانى كۆرسە يار تۇتۇپ ئەھلى ياران قىلغان ئىمام.
ۋەقتى بامداد يا پىشىن، دىگەرۇ شام، خۇفتەن بىلەن.
ئۆزنى مەسجىدكە تەھارەتلىك رەۋان قىلغان ئىمام.
ھەركىشىنىڭ خاتۇنى تۇغسە ئانىڭغە ئات قويۇپ،
قەۋملەرگە خىزمەتنى ھەرقاچان قىلغان ئىمام.
ھەم كىسەلنىڭ ئۆيلەرنى فاتىھە قىلماق ئۇچۇن،
ئۆيمۇ ئۆي يۇرگەچ فۇتىنى يەلتافان قىلغان ئىمام.
يەنە ھەركىم ئۆلسە دەرھال خىزمەتى بولسە قىلىپ،
يۇپ نەمازىنى ئوقۇپ يەرگە تەۋان قىلغان ئىمام.
قانچە ئايەت ھەم دۇئا ـ تەكبىر بىلەن ئاندىن يانىپ،
كەلسە تاڭلا ئاغزىنى تەھلىل زەبان قىلغان ئىمام.
كىم ئىمامىنى نىكاھغە چىرلاسە دەرھال كىلىپ،
بۇ نىكاھنى ئاندا تۇز كۆرمەك ھەمان قىلغان ئىمام.
بۇ ئىمامنىڭ فايداسى ئايتىپ تەمام بولغايمۇ ھىچ،
ھەر سۆزى كەلگەن بەلالاردىن ئەمان قىلغان ئىمام.
شول ئوغۇل ـ قىزدىن ئوغۇل ـ قىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولسەلەر،
ئوقۇتۇپ ھەر بىرغە مەكتەبدە مەكان قىلغان ئىمام.
قايسىنىڭ فەرزەندى ھەركۈن ئوقۇسە ئاندا كىلىپ،
تەربىيەتدىن ئانى موللايى زەمان قىلغان ئىمام.
كىم تەلاق خاتۇن بىلەن بىر ئۆيدە بولسە بىنىكاھ،
ئانداغ ئادەملەرنى رەسۋايى جەھان قىلغان ئىمام.
يا خوتۇن بىرلە كىلىشمەي رۇخسەتنى بەرسەلەر،
خەت ئالىشتۇرماقدا ۋەسلىدىن خىزان قىلغان ئىمام.
قەسدى بولسە ئۇچ تەلاق بىرلە ياراشماقغە ئەگەر،
ئانى دەشنام بىرلە ئاغزىنى يامان قىلغان ئىمام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ھەر خوتۇننى قويسە، ئابدۇللاھ، تەلاقنىڭ بىرى بەس!
ئۈچ تەلاق قىلغان كىشىلەرنى فەلان قىلغان ئىمام.

## خاتىب ئاخۇنۇم

ۋە بەئزەن ئۇلەما جۇمئە نەمازىغە بولۇپ خاتىب،
چىقىپ مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە ئىكى خۇتبە ئوقۇپ خاتىب.
كۆنى ئازىنە كەلسە بارچەلەرغە بۇ نەمازدۇر فەرز،
كىبلۇركىم جۇمئەگە ھەق ئەمرىنى مەھكەم تۇتۇپ خاتىب.
مۇسۇلمان بەندەلەرغە بۇ نەمازنىڭ فەزلى كۆپدىن كۆپ،
ئانى بىلدۇرگەلى مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە قونۇپ خاتىب.
بۇ كۈننى سەييىدۇل ـ ئەييامى جۇمئە دەپ رىۋايەت بار،
نىچۈكدىن ئوقۇماس بۇ خاسىيەتلەرنى قويۇپ خاتىب.
قاچانكىم پىشىننىڭ ۋەقتى كىرگەندە قوفۇپ دەرھال،
تەھارەت بىرلە مەسجىدكە بارىپ ساقلاپ تۇرۇپ خاتىب.
ئەزان ئوقۇپ مۇئەززىن ئاخۇنۇم، كەلسە جەمائەتلەر،
تۇرار ئالدىداراق مىھرابىنىڭ ئالدىنى توسۇپ خاتىب.
تەھىيياتنى ئوقۇپ جۇمئە نەمازنىڭ سۈننەتىنى ھەم،
ۋە ئاندىن خۇتبەگە چىقماقغە ئورنىدىن قوفۇپ خاتىب.
ئوشۇل مۇنبەردە ئىككى خۇتبەنى كامىل ئەدا ئەيلەپ،
ۋە ئاندىن تۈشسە جۇمئە ئوقۇغاچ پىشىن قوشۇپ خاتىب.
پىشىندىن سوڭ دۇئا قىلسە بىيىكبار ھەممە ئامىن دەپ،
دۇئانىڭ ئەسرى ئولدەمدە كۆڭلىگە تولۇپ خاتىب.
ئىشى يوقدۇر كىشى بىرلە، كىشىنىڭ قىلمىشى بىرلە،
ۋە ھىچ ئەركەك ـ تىشى بىرلە يامانلىقنى بۇزۇپ خاتىب.
خەتالىق كۆڭلىگە يەتكەن كۈنى تەۋبە قىلىپ يۈزمىڭ،
پۇشايمان ئەيلەگەچ ئاش ـ نان يىگەنىگە تويۇپ خاتىب.
بۇ زاتنىڭ قىلغان ئەئمالى ئانىڭ غەيرىدىن ئارتۇقراق،
تىرىغان ئەجرىنى ئاڭلا قىيامەتدە ئويۇپ خاتىب.
بۇ سۆزگە پۇتمەسە باقسۇن سىيەر ئاتلىق كىتابىغە،
بەيانى بەيتى مەئمۇردا سەۋابىنى خوب ئۇتۇپ خاتىب.
ئوشۇل يەردە ئەزان ئايتۇركى جىبرەئىل كۈنى جۇمئە،
چىقىپ مۇنبەرگە مىكائىل ئەساسىنى سۇنۇپ خاتىب.
خەتابەتلىك قىلىپ تۈشكەندە ئىسرافىل ئىمام بولغاي،
ئۇلارنىڭ غەيرى قەۋم بولغاي فەزىلەتنى ئۇسۇپ خاتىب.
بىرى ئايتۇر: ئەزانىمنىڭ سەۋابىدۇر مۇئەززىنغە،
بىرى ئايتۇر: سەۋابى خۇتبەنى ئالسۇن سوقۇپ خاتىب.
بىرى دەر: بۇ ئىماملىقنىڭ سەۋابىدۇر ئىماملارغە،
بۇ مىكائىلۇ ئىسرافىل سەۋابىنى سويۇپ خاتىب.

ئۇلارنىڭ غەيرى ئايتۇر: بۇ نەمازىم بارچەغە بولسۇن،
بۇ قەۋملەرنىڭ سەۋابىدىنمۇ ھەم ئەندەك يونۇپ خاتىب.
قىياسىمدا مەلائىكلەر ئۇلارنىڭ ئۆزگەسىدىن كۆپ،
ئالىپ ئول ھەممەدىن بەخشى قالۇر ياخشى تويۇپ خاتىب.
كىتاب مەزمۇنىدۇر بۇ سۆز ئۆزۈمچە ئايتمادىم ھەرگىز،
ئاڭا پۈتمەسنى قورقۇتقاي يۈرەكىنى مۇجۇپ خاتىب.
بۇ زاتنىڭ ئەمرى ـ مەئرۇف، نەھيى ـ مۇنكەر قىلماقى سۈننەت،
ئەگەر بۇ خۇتبەنى راست بىلمەسە كوھنە جونۇپ خاتىب.
بۇ بائىسدىن ھەمە خاتىبغە پەرھىزكارلىق لازىم،
مۇبادا يۈرمەگەيلەر ئۈيمۇ ئۆي غەيبەت توشۇپ خاتىب.
كىشىكىم قىلماسە ھۆرمەت بۇ جۇمئە ساھىب ھەزرەتكە،
ئانى ئەلبەتتە ئۇرماق ھەق سەقالىنى يۇلۇپ خاتىب.
سەقالىڭنى تاراپ ساقلاپ خەبەردار بولغىل، ئابدۇللاھ،
ئانى بىر كۆرسە ئاخۇند يۇلغالى قوفماس چوچۇپ خاتىب.

## شەيخ ئاخۇنۇم

ھەق ئەزىز ئەتكەن ئۇلۇغ جايلاردا تۇرماق بولدى شەيخ،
تۇرسە ئاندا بەئىز ئادەملەرنى ئۇرماق بولدى شەيخ.
مۇتەسەددىي قىلدى بەئزىنى جەھاننىڭ چوڭلارى،
بۇ جىھەتدىن چوڭ بولۇپ ئۇشىاقنى ئۇرغاق بولدى شەيخ.
ھەر زىيارەتگاھ ئۇلۇغ جايلاردا بۇ ئالىيجەناب،
نىمە ئىش بولسە ئانىڭ ئۇستىدە تۇرغاق بولدى شەيخ.
خۇب غەنىيمەتدۇر ئوشۇنداغ يەردە مۇنداغ ئەۋلىيا،
كەلسە ھاجەتمەند ئانىڭ ھالىنى سورماق بولدى شەيخ.
مەن بۇلارنىڭ ئەسلىنى دەيمۇ ۋە ياكى فەزلىنى،
ئەسلى بۇدۇر ئاتاسىدىن قالدى سورساق بولدى شەيخ.
فەزلىنى سورساق فەزىلەت كۆپ ۋە ھەم پەرھىزكار،
كۆرسە ھەركىمنى ئانىڭ فەيزىنى سورماق بولدى شەيخ.
ھەممە دەر: يار ئۆزلەرى، بار سۆزلەرى، زار كۆزلەرى،
كۆزگە دەركار يۈزلەرى دەپ ئاشقە بورداق بولدى شەيخ.
قانچە تەھسىن ـ ئافەرىن قىلغۇم تەئەللۇق ۋەقفىغە،
نەچچە قوش ئۆي، ھەربىرىسى ئىككى تورفاق بولدى شەيخ.
ۋايغىنە شەيخ ئاخۇنۇم دىھقانچىلىق قىلغانلارى،
يەرلەرى كۆپ فارا ھەم بەئزى ئورتاق بولدى شەيخ.
تىرىسە قوغۇن، زىغىر، زاغۇن، كەفەز، كەندىر، قوناق،
شال، تىرىق، ماش، لوبىيا ھەم ئارفە، فۇرچاق بولدى شەيخ.
بۇ زىرائەتنى يىغىپ ئالغۇنچە قوشنى خەلقىغە ـ
ۋاقىراپۇ جاقىراپ يۈرمەكدە فورداق بولدى شەيخ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھلى مەجلىس سەللەسىنى كۆرسە سەللەمنا دېگەي،
ئۆزنى چوكاندەك ياساپ ئول يەردە قورچاق بولدى شەيخ.
ئاندا قازى شەرئ باشلىق ھەم مۇدەررىس ھەم ئىمام،
بارچەسى قورقۇپ بۇ زاتدىن كوھنە قوقاق بولدى شەيخ.
كۆرسە ھەم بىچارە ئابدۇللاھ چۆچۈپ قورقۇپ كېتەر،
نە ئۈچۈنكىم يۇقارى مەجلىسنى قۇرغاق بولدى شەيخ.

# ئۈچىنچى باب بەيانى موللا - ئاخۇنۇم

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: بۇ باب - ئاخۇند، موللا، قارىي، ھەزرەت، ئىشان، خەلىفە، سوفى، دەرۋىش، ئەفەندى.

قىلىپدۇر ھەقتەئالا بەئزىنى ساھىبكەمەر ئاخۇند،
بۇلارغە ھېچ لەقەبنى قويمادى ھېچكىم مەگەر ئاخۇند.
مۇبادا بۇ ۋەلىيلەر بولماسە ئايتۇر خەلايىقلار،
يېقىنراق جايدا بولغاي ئېردى بىزلەرگە ئەگەر ئاخۇند.
كىشىكىم ئاخۇنۇمنى ياخشى دەر ئانداغ كىشى ياخشى،
يامانلىق قىلسە ھەركىم ئاندىن ھەم ئەيلەر ھەزەر ئاخۇند.
جەھاندىن ياخشىلىق بىرلە يامانلىق كەلسە ئالدىغە،
ئانى ھەقدىن كۆرۈپ ئاخشام يېتىپ قوفقاي سەھەر ئاخۇند.
ئوقۇپ بەش ۋەقت نەمازنى چىقىپ مەسجىدكە يا ئۆيدە،
جەمائەتلىك ۋەيا يالغۇز ئەگەر بولسە نە يەر ئاخۇند.
ۋە ھەر يىل كەلسە بىر ئاي روزە تۇتقاي شەرتلەرى بىرلە،
غەنى بولسە زەكات بەرگەي بۇ ئىشلارغە نەدەر ئاخۇند.
تەھارەت فەرزى تۆرت، بەش ۋەقت نەمازنىڭ فەرزى ئون ئىككى،
مۇنى بىلگەچ مۇسۇلمانلىق قىلۇركىم بۇ قەدەر ئاخۇند.
ۋە ھەركىم چىرلاسە نەزرە - نەماز، توي يا زىيافەتكە،
فىيادە ياكى ئاتلىق ئاندا بارماقغە چەفەر ئاخۇند.
كىلىشلىك ھەممە ئىشلاردا، بىلىشلىك يازۇ قىشلاردا،
ھەمىشە ئىش قىلىشلاردامۇ يوق ئەسلا خەتەر ئاخۇند.
خەلايىق بىرلە ئۈلفەتلىك مىزاجى خۇبمۇ خۇلقەتلىك،
ۋە ھېچقايىسىغە كۇلفەتلىك ئەمەس، سۆزى شەكەر ئاخۇند.
كىشىدىن يەتسەلەر كۇلفەت، سەھەردە ئاھ خۇدايىم، دەر،
قىلۇر ئانداغ كىشىنى ئاخىرى فوقدىن بەتەر ئاخۇند.
كۆرەشكەن ئۇلەما - ئاخۇندلارىم بىزگە تەبەررۇكدۇر،
بۇلارنىڭ ھېچبىرى بىزلەرگە قىلغايمۇ زەرەر ئاخۇند.
خۇدايىمغە يەقىن بەندە چافاندۇر قەلىن جەندە،
ئەقىدە كۆپمىكىن مەندە قىلىپ سۆزى ئەسەر ئاخۇند.
رەسۇلىللاھغە ھەم ئۇممەت، ئەمەسدۇر ئۆزى كەم ھىممەت،
كۆڭۈلدە يوقكى غەم - مىننەت، دۇئاسى تىغ - تەبەر ئاخۇند.

بۇلارنى تاپساڭ، ئابدۇللاھ، قاراپ رەھمەت تەمەگە قىلغىل،
نېسىپ ئەيلەپ ساڭا رەھمەت قىلۇر ھەقدىن خەبەر ئاخۇند.

## موللا

قىلىپ ھەق ئۆزىگە خاس بەندەنىڭ دىلىغە قاراپ موللا،
ئوقۇغان ئىلمى بىرلە ھەق رىزاسىنى ماراپ موللا.
قاچانكىم زەبانى چىقسە قىلغاي ئىلم غەۋغاسى،
ئوقۇپ ئالىم بولۇپ ھەق دەرگەھىگە خۇب ياراپ موللا.
ۋە ھەر مۇئمىن كۆڭۈلدە ئىلمىنى خۇب ئارزۇ ئەيلەر،
بىلەلمەسمەن ئىچىپدۇرلارمۇ جەننەتدىن شەراب موللا.
بۇ دۇنيا ـ ئاخىرەتدە ئىلمىنىڭ ئەجرى تۆگەنمەيدۇر،
ھىسابىنى ئالالماس ئىكى ئالەمدە ساناپ موللا.
ئىبادەت بارەسىدە ئوقۇغاندىن ياخشىسى يوقدۇر،
ئۇلۇغلاردىن رىۋايەت كۆپ ئالۇر بىھەد سەۋاب موللا.
كىشى فەرزەندىنى موللا قىلىپ ئۆلسە ئاڭا ھەي ـ ھەي!
ئوقۇغان ئىلمىنى دائىم ئاتاسىغە ئاتاپ موللا.
بولۇر بۇ ئىلمى بىرلە ئول مۇئەززىن يا ئىمام، خاتىب،
مۇدەررىس، مۇتەۋەللىي، مۇھتەسىب ئالىيجەناب موللا.
ۋەيا شەيخ يا رەئىس يا قازى يا مۇفتى ۋەيا ئەئلەم،
ھەلال ئاش ـ نان تاپىپ يەپ ئولتۇرۇر قولنى يالاپ موللا.
مۇبادا ئول ھەلال ئاش بىرلە ناننى تاپماسە ھەرگىز،
ياتاركىم ھاۋلەدە دەرۋازەنى مەھكەم تاقاپ موللا.
قەنائەتلىك كىشىنىڭ ئالدىغە رىزقى كېلۇر بىر كۈن،
ئوشۇل دەمغەچە ئولتۇرغاي يۈتۈق ئىشتان ياماپ موللا.
ۋە بەئزەن موللانىڭ مىسكىنلىقىدىن ھېچ نېمەرسە يوق،
ۋە بەلكى خاتۇنىنىڭ چەرخىدە ئەسلا تەناب موللا.
فەقىرلىقدىن چىقىپ ئىشلەپ يۈرۈر بىرنەچە ئالىملار،
ئۆزى دېھقان زىرائەت قىلغالى يەرنى چاناپ موللا.
بۇ يەرنى تېرىغۇنچە يا يىغىپ ئالغۇنچەلىك قانچە ـ
چاپىپ بىر كەركى ـ كەتمەن قول ـ پۇتى ئاندىن قاناپ موللا.
بۇ كەتمەن غازىلار كافىرغە سالغان ھەربىدىن ئارتۇق،
سەۋال قىلسە كىتابلاردىن تاپىپ ئايتۇر جەۋاب موللا.
سەن، ئابدۇللاھ، ئۆزۈم خۇب موللامەن دەپ ئايتقانىڭدۇر لاف،
بولۇپسەنكىم ئۆزۈڭنى سەللە ـ تون بىرلە ياساپ موللا

## قارىي

كىشى قۇرئاننى ياد ئەيلەپ تەمام قىلسە بولۇر قارىي،
ئوشۇل قارىيلىقىدىن بارچە ئالەمدە بولۇر قارىي.
ئەگەر بۇ ئاخۇنۇمنى نۇر دېسەممۇ يالغان ئېرمەسدۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئۆزىنىڭ نۇرلىقىنى سورەئى نۇردا ئوقۇر قارىي.
قىلىپدۇر ھەق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى نۇر بىرلە نۇرانە،
ئەجەب نۇرانەلىقىدىن خەلق ئاراسىدا بۇ زور قارىي.
خۇدا دەرگاھىدا بۇ زات شەرىفىنىڭ زورلىقى بەرھەق،
ئۇلارنىڭ زورلىقىنى بىلسەلەر ئوتلۇق تونۇر قارىي.
خەلايىق بۇ تونۇرنىڭ ئوتلارىنى ياخشى بىلگەيمۇ،
ۋە ھەركىم ياخشى بىلسە ئاڭا ھەم ئوتدەك تۇرۇر قارىي.
جەھاننىڭ ئەھلى دائىم ئوت بىلەن ئاش - نان پۇشۇرمىشدۇر،
بۇ ئاش - نانلارنى يەپ ئايتۇر فەلانى يا ئوشۇر قارىي.
بىز ھەم ئايتتۇق ئوشۇر قارىم خەلايىقدىن ئوشۇق - ئارتۇق،
ئانىڭ ئارتۇقلىقىدىن بارچە كۆڭلىگە ھۇزۇر قارىي.
ھۇزۇر ئالغاي ئۇلارنىڭ سۆھبەتىدىن كۆپ مۇسۇلمانلار،
ۋە ھەم مۇئمىن - مۇسۇلمانلارگە قىلمىشدۇر زۇھۇر قارىي.
زۇھۇر قىلدى جەھان - ئالەمغە مۇنداغ زاتى ئەشرەفلەر،
بۇ زاتلار كۆپ زۇھۇر ئەيلەپ جەھانغە خوب تولۇر قارىي.
جەھانغە تولغانىدىن بارچە زىبجانغە بولۇپ جانان،
ئانى جانغە جانان بىلمەسە غەيبەت توشۇر قارىي.
بۇ جانانىنى بىلگەي بىلمەگەنگە بولدى بىلدۇرمەك،
بىلىپ بىلدۇرمەگەك يا بىلسە بىلدۇرگەك بۇدۇر قارىي.
مۇبادا بولسە بىلدۇرگەك بۇ بىلگەنلەرنى بىلمەسكە،
ئانى بىلمەس دىيسە دەر: مەست ئەمەسمەن مەست موخور قارىي.
خەلايىق مەست موخور قارىي دىمەس، كىم دىيسە خەسدىن فەست،
ئوشول خەسدىنمۇ پەست سەنسەن يۇرۇپ دەيدۇر: بۇ كور قارىي.
كور ئېرمەس ئاخۇنۇمنى كىمكى كور دەيدۇر كۆرۈك دەرمەن،
كۆرۈك ئېرمەس دىمەسمىز دەپ ئاڭا بەرگەي ئۇچۇر قارىي.
دەۋام بۇ ئەۋلىيالارنىڭ سۆزىنىڭ ئۇچۇرى قۇرئان،
قاچانكىم ھىفزى قۇرئان ئولسە ئول ئەھلى قۇبۇر قارىي.
يۇرۇپ غەفلەتدە، ئابدۇللاھ، نەدىن قۇرئانى ياد قىلماس،
قىرائەتدە خەتا كەتسە ساقالىنى يۇلۇر قارىي.

## ھەزرەت

خۇدانىڭ بىر قۇلى باردۇر دىگەي بارچە كۆرۈپ ھەزرەت،
خەلايىقلار ئاراسىدا ئەجەب دەۋران سۈرۈپ ھەزرەت.
بۇ زاتلارنى كۆرۈپ گويا كى ئايتقۇم خىزر پەيغەمبەر،
گۇمانىمدۇر مۇنى سۈننەت بىلىپ يەردە يۇرۇپ ھەزرەت.
ئۇلارغە زۇھدۇ تەقۋا قىلمىشدىن ئاسمان لايىق،
كىشىنىڭ رەنجى بولسە ئاڭا قۇرئانى ھۇرۇپ ھەزرەت.
ئوقۇشدا ئىلمى‌قال قانچە ۋەلېكىن ئىلمى‌ھال مۇنچە،

بۇ مىقدار ھالى بىرلە سەللە ئاستىغە چۆكۇپ ھەزرەت.
باشىنى سەللەسى باسقان، بۇ سەللە باشىغە قاسقان،
ئۆيىدە ئاسقۇغە ئاسقان كىرىپ ئۆيگە بۆكۇپ ھەزرەت.
ئەگەر ئول ھالىنى ئاسقان بىلەن ئاسقۇ كۆتەرگەيمۇ،
بۇ ھالدىن قىزغانىپ ھالسىز كىشىلەردىن ھۆكۇپ ھەزرەت.
كىشىكىم ھەزرەتىمدىن ھال سورارغە بارمۇ ھىچ ئەھۋال،
مۇبادا سورسە ھەم ئانداغ كىشىگە شال تۆكۇپ ھەزرەت.
تەبەررۇك شالىنى دەيمۇ ۋەيا شول ھالىنى دەيمۇ،
ۋەيا فۇل ـ مالىنى دەيمۇ، ساقالغە ھەم چۆمۇپ ھەزرەت.
بۇ ھال قايداغ بەلا، ھەق بۇ بەلاغە مۇبتەلا قىلمىش،
مەنەم ھال ئايتقالى بارسام دېدى: ئايتمە كۇلۇپ ھەزرەت.
ئىچىدە قىسىم ـ قىسىم كۇلكۇسى بار بىزگە بەرمەيدۇر،
ئەگەر كەشمىرچە كۇلسە قاش ـ قاقاقىنى سۇزۇپ ھەزرەت.
قاقاقىغە قاراپ باقسام نوگاي كەلدى تەماشاغە،
ئاخىر ياغلىق قاقاقىنىڭ باغلارىنى ھەم ئۇزۇپ ھەزرەت.
يەنە ياغلىق قاقاقىنىڭ ئاستىندا بىر نەرسە بار، ھەيھات،
سوراپ باقسام ئىچىدە گاڭگەرا دەپ ئوت كۆيۇپ ھەزرەت.
بۇ نەرسە ئىشق ئوتىدىن ھېچقاچاندا خالى ئېرمەسدۇر،
ئوشۇل ئوت بىرلە كۆڭلىگە مۇھەببەت كۆپ ئۇنۇپ ھەزرەت.
قەدىمدىن خۇب مۇھەببەتلىك كىشىدۇر بۇ جەناب ئالىي،
ئوتى ئۆچمەي كۆڭۇلنى كۆيدۇرۇپ جاندىن ئۆتۇپ ھەزرەت.
غەنىيمەت ھەزرەتىمدۇر قانچە تەئرىف قىلغىل، ئابدۇللاھ،
بۇ ئىخلاسىڭ بىلەن ئۆز يۇرتىغە كەتمەس كۆچۇپ ھەزرەت.

## ئىشان

بولۇپدۇر بەئزى مۇئمىن ھەقغە كوڭلىنى بېرىپ ئىشان،
ھەمىشە جانۇ جىسمى كۆپ مۇھەببەتدىن ئېرىپ ئىشان.
ئەجايىب ئىستىقامەتلەرنى قىلسە جۇغلاشىپ بارچە،
ئۇلار بىرلە خۇدا دەپ قان ـ يۇرەكلەرنى يېرىپ ئىشان.
ياساپدۇر ھەر شەھەردە كاتتە ـ ئالىي خانەقالارنى،
مۇرۇدۇم دەپ خەلايىقنى يىغىپ ئاندا كىرىپ ئىشان.
دەۋام ھەق زىكرىنى ئايتىپ بولۇپ بارچە تەمام زاكىر،
فۇتى سەكرەپ، تىلى «ھۇ» دەپ شىرىن جاندىن كېچىپ ئىشان.
بۇ يەڭلىغ ئىستىقامەت قىلغانىغە نەچچەمىڭ رەھمەت،
گۇمانىم ئىسمى زاتىنىڭ مەي ـ شەرابىدىن ئىچىپ ئىشان.
شەرىيئەتنىڭ ھەمە شەرتىنى بەرجا كەلتۇرۇپ بۇ زات،
تەرىيقەت كوچەسىدىن ھەق تەرەفكە يول ئېچىپ ئىشان.
بۇ يول ئانداغ ئەجەب نازۇك ئەسا ئەلبەتتە لازىمدۇر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېتەلمەي مەنزىلىغە كۆپ يىقىلغىلار ھېرىپ ئىشان.
قوقۇپ ماڭغاندا ھەر رەنجىغە مىلڭ گەنجى نىسىپ بولغاي،
ئۇشۇل مەنزىلغە بارغۇنچە بۇ يوللاردا قىشىپ ئىشان.
يۇرۇپ قانچە ئەزىز بۇ يول بىلەن كۆپ تاقتىلار گەۋھەر،
بۇ گەۋھەرنى قىلىپ ھەمراھ مۇرادىغە يېتىپ ئىشان.
كىرىپ بۇ يولغە بەئزىلەر سۇلۇك يولىغە ئايرىلمىش،
سۇلۇكنىڭ يوللارى بىرلە خۇدايىمغە يېتىپ ئىشان.
ئەگەر بىلسە سۇلۇكدىن ھەقنى تاققاي نەچچە يول بىرلە،
بۇ يولدىن خۇفىيە، جەھرىيە، چەشتىيە بىلىپ ئىشان.
ۋە ھەم ئىشقىيە، زىدىيە، شەتارىيە، ئەيازىيە،
يەنە ئول قادىرىيە، سۇھرەۋەردىيە قېتىپ ئىشان.
ۋە بەئزى كۇبرەۋىيە، سۇقتىيە يا ھەببىبىيە،
ۋەيا تىفۇرىيە، كەرخىيەلەردىن يول كېزىپ ئىشان.
ھەببىبىيە، جۇنەيدىيە ۋەيا قىردەۋسىيە ھەم بار،
بۇلاردىن قالسە تەۋسىيە يولىننى ھەم چېتىپ ئىشان.
بەيان قىلسام تەرىقە بولدى سالىكلارغە ئون سەككىز،
تەرىقەت يولىغە قىشقان بولۇر ھەققغە يېقىپ ئىشان.
ۋە قايسى پىرى كامىلنىڭ ئىشى ئول تەڭرىغە ياقسە،
تەجەللى شۇئلەسى كۆڭلىگە تۈشكەي يول تېقىپ ئىشان.
كۆرۈنگەي شۇئلەنىڭ رەۋشەنلىكىدە جام بىلەن مەيلەر،
ئىچىپ بىر قەترە مەينى شول زەمان ئۆزدىن كېتىپ ئىشان.
بۇ مەيدەك ياخشى لەززەتلىكنى ھەركىم باردېسە يالغان،
ئانىڭ لەززەتلىكىدىن خانۇماننى سېتىپ ئىشان.
ئاڭاكىم خانۇماننى ساتار ئۆزى ئاتار ھەق دەپ،
ئەگەر ھەققغە ئۆزنى ئاتسە مەي ئىچكەي قېنىپ ئىشان.
ئۇشۇل مەيدىن قېنىپ ئىچمەككە لايىق بولسەلەر ئاشىق،
كېتەرلەر ئاھ ئۇرۇپ ئول ماسىۋەللاھدىن تېنىپ ئىشان.
غەنىمەت بىزگە سايراپ بەرگەلى بۇ قىسىم بۇلبۇللار،
ۋە بەئزەن ئىشقىنىڭ دەردى بىلەن ئوتدەك يېنىپ ئىشان.
جەھان ئىشانلارىنىڭ مەقسەدى دايىم مۇرىد يىغماق،
ھەقىقەتدە ئۆلۈپ ئانداغ كىشى بوينى سىنىپ ئىشان.
تەرىقەت بۇ ئەمەس «ھۇ» دەپ يۇرۇپ غەۋغا تىرىماقلىق،
بۇ غەۋغا بىرلە دەئۋا قىلسە بەرگەي ئول قىرىب ئىشان.
مۇرىدلاردىن مۇجەررەد پىرى كامىللار قىرىب بەرمەس،
قىرىب بەرمەك بىلەن پىرمەن دېسە لايىغە قېتىپ ئىشان.
نە بىلگەي باتىنى لاي، زاھىرى شاي، قامەتىدۇر ھاي،
تىلى ۋاي ــ ۋاي، دىلى باي ــ باي، دىنى ئاي ــ ئاي سېسىپ ئىشان.
ئاتاسى ھەزرەت ــ ئىشانلار بەلاسىغە ئەمەس مىراس،
ھېساب ئەتسە نەسەبنى ھەق ئەتا قىلماس نىسىپ ئىشان.

ئىجازەتسىز بۇ يولغە كىرسە ئول شەيتان بىلەن يولداش،
ئۆزى ئاچچىغ ئۇچەينى قۇيۇپ ئەتكەن بىر ھېسىپ ئىشان.
ۋە بەئزى شەئنىگە فوقلۇق كۆتەن ئات خوب مۇناسىبدۇر،
تەمەئ كويىدا نەفسىنى خەلايىقغە ئېسىپ ئىشان.
ئۆزۈڭگە بىر قاراپ باقساڭچۇ، ئابدۇللاھ، سەن ھەم شۇنداغ،
بولالماي سەن قەنائەت بىرلە نەفسىڭنى كېسىپ ئىشان.

## خەلفە

بولۇپ ئىشاننى پىر تۇتقان كىشىلەر پارسا خەلفە،
خۇداغە زىكر ئايتماقغە قىلۇرلار خانەقا خەلفە.
كىشىكىم بولسە مۇئمىن ياخشى بىلگەي زىكر ئايتماقنى،
ھەمىشە زىكر ئايتىپ قىلغۇسىدۇر ماجەرا خەلفە.
كىشىنىڭ زىكر - تەسبىھ ماجەراسى ھەقغەدۇر مەقبۇل،
رىيادىن خالى بولسە ھېچ ئىشى يوق نارەۋا خەلفە.
دېدى ھەق: مېنى ياد قىلغان كىشىنى ياد قىلغۇمدۇر،
ئانىڭ ئۇچۇن بولۇپدۇر چار يارۇ باسەفا خەلفە.
مەلائىكلەرگە ئايتتى ھەق: خەلىفە ئەيلەگۇم يەردە،
ھەسەد بىرلە دېدى ئىبلىس: بولۇر ئول پادىشا خەلفە.
خۇدانىڭ ۋەئدەسى ئادەم ۋەيا پەيغەمبەر ئېرمەسدۇر،
بۇ قىلغان ۋەئدە بىرلە بولدى ئادەم دائىما خەلفە.
يەنە ھەم ۋەھيى بولدى ھەزرەتى داۋۇدغە تەڭرىدىن،
سېنى قىلدىم خەلىفە ماڭا بولغىل ئاشنا خەلفە.
ئەگەر بۇ خەلفەنى خار كۆرسە بولغاي ئۆزلەرى ھەم خار،
نېچۇككىم ئىككى پەيغەمبەر بولۇپدۇر بانەۋا خەلفە.
ئەجەب ئاتەش نەفەس دەرۋىش ئېرۇر كۆپ ئىسمى زات بىرلە،
بولۇركىم پىرى كامىل خىزمەتىدە بارھا خەلفە.
ئۇلۇغ ئۆتكەن مەشايىخلار - مۇرىدلارغە بېرىپ ئىرشاد،
پىرىدىن ئالسە ئىرشاد خا ئاتادۇر خا بالا خەلفە.
بۇلار شاھى تەرىيقەتكە ۋەزىر بولغان ئەزىزلەردۇر،
بەرابەردۇر پەرىغە پادىشاھدۇر يا گەدا خەلفە.
ئېرۇر ھەق ئالدىدا كۆپ نەفئى ئىسباتدىن ئۇلار ئەركەك،
كىشىكىم نەفسىنى يىغسە بولۇر ئول باھەيا خەلفە.
ۋە بەئزەن بىھەيالار خەلقىنى جەبرەن مۇرىد ئەيلەر،
بۇ نامەئقۇللىقىدىن شەرئ ئايتۇر: ناسەزا خەلفە.
ئەدا قىلماي شەرىيئەت يولىنى كىرسە تەرىيقەتكە،
ئۇلۇغلار ئاراسىدا بولغۇسىدۇر چاغەنا خەلفە.
جەھان ئەھلىنى، ئابدۇللاھ، دېمەك جا ساڭا نا جايىز،
قاچانكىم ئىشلارىڭ جايىز بولۇر سەن جابەجا خەلفە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

### ئەمىر سەيىد ئەلى[2] ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى سانىسىز مىرزىنىڭ قەشقەردە ھۆكۈمەت باشقۇرغانلىقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئەمىر سەيىد ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى قالدى. چوڭى سانىسىز مىرزا ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى چۇراس قەبىلىسىدىن ئىدى. يەنە بىر ئوغلى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزۇن سۇلتان خانىم يۇنۇسخاننىڭ ھاممىسى ئىدى. موغۇللار رەسمىيىتى بويىچە چوڭ ئوغلى سانىسىز مىرزا ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقتى. لېكىن ئۇ ناھايىتى يۇرەكلىك، قامەتلىك ۋە كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇزۇن سۇلتان خانىمنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى قىلىپ ۋە قېرىندىشى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا شەپقەت قىلىپ، قەشقەر ۋە يېڭىسارنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن خانىمغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى يەكەننى پايتەخت قىلدى. گەرچە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نەسەبى يۇنۇسخان بىلەن ئىسانبۇغاخانغا ئوخشاشلا تۇغقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمىر سەيىد ئەلى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئىسانبۇغاخاننىڭ قىزى دۆلەتنىگارخانىمنى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىسانبۇغاخاننىڭ تەبىقىسىگە تەۋە بولۇپ، شۇلارغا تايىناتتى. ئەمىر سەيىد ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئىسانبۇغاخانمۇ ۋاپات بولدى. [تارىخقا سەككىز يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلى[3]] خانلىق ئۇنىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخانغا قارار تاپتى. بۇ ئەھۋال كېيىن زىكىر قىلىنغۇسى. دېمەك، مۇھەممەد ھەيدەر [مىرزا] كۈيئوغۇللۇق ۋاسىتىسى بىلەن ئىسانبۇغاخانغا خىزمەت قىلاتتى. ئىسانبۇغاخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخانغا بەيئەت قىلدى. ئەمما سانىسىز مىرزا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا يۇنۇسخانغا ئىلتىجا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا [قەشقەردە تۇرالماي ئاقسۇغا، دوستمۇھەممەدخاننىڭ قېشىغا باردى. سانىسىز

---

① بىشى ئۆتكەن ساندا
② ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا بۇ ئىسىم «ئەمىر سەيىد ئەلى» دەپ يېزىلىپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.
③ ھىجرىيە 866 ـ يىلى مىلادىيە 1461 ـ 1462 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مىرزا] قەشقەرنى تولۇق ئىشغال قىلدى ۋە شۇ قەدەر ئادالەت بىلەن سۈرىدىكى، ئۆتكەن زامانلار ئۇنىڭ زامانىسىگە ھەسەت قىلاتتى.

ئەمىر سەيىد ئەلىدىن كېيىن سانىسىز مىرزا يەتتە يىل ھۆكۈمەت تۇتتى. تارىخقا سەككىز يۈز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى[①] ۋاپات بولدى. ۋاپاتىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، سانىسىز مىرزا كۆنلەرنىڭ بىرىدە شىكارغا چىققانىدى، ئۇ شىكار ئۈستىدە تۇساتتىن ئاتتىن يىقىلدى. ئۇ يەردە بىر يۇلغۇن زىخى بار ئىدى، قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. جاراھەتلىنىپ يارىسى يامانغا ئۆرۈلدى. ئاشۇ جاراھەت تۈپەيلىدىن ۋاپات بولدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەر خەلقى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. دوستمۇھەممەدخان يەكەنگە بېرىپ سانىسىز مىرزىنىڭ ئايالى جامال ئاغىنى نىكاھىغا ئالدى. سانىسىز مىرزىنىڭ ئىككى ئوغلى بىر قىزى بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى مىرزا ئابابەكرى يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئۆمەر مىرزا ئىدى. قىزىنىڭ ئېتى خانسۇلتان سۇلتانىم[②] ئىدى. شۇنداق قىلىپ دوستمۇھەممەدخان سانىسىز مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى2 كېيىن بايان قىلىنغۇسى.

## دوستمۇھەممەدخاننىڭ خانلىققا ئولتۇرغانلىقى

ئىسانبۇغاخان كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى دوستمۇھەممەدخان ئون يەتتە يېشىدا پادىشاھ بولدى. بۇ ئەقىل ئىگىلىرى قاتارىغا كىرمىگەن ياش بالا بولۇپ كۆپىنچە قىلىقلىرى ئەقىل ـ پاراسەت قانۇنىغا خىلاپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر دەممۇ ھوشيارراق يۈرمەيتتى. **مىسرا:**

كەنارە تۇتقىل، ئەي ئاقىلكى، بولمىش مەستۇ دىۋانە،

دوستمۇھەممەدخان قەلەندەرچىلىككە ناھايىتى ھېرىسمەن ۋە ئامراق ئىدى. ھەممە ئەمىرلىرىگە قەلەندەرلەرچە ئاتلارنى قويغانىدى. ئۆزىگە: «شەمسىددىن ھابدال» دەپ ئات قويدى. باشقا پۈتكۈل خىزمەتچى ـ مۇلازىملىرىغىمۇ شۇ يوسۇندا: «پالانچى ھابدال [پوكۇنچى ھابدال]» دەپ ئات قويدى. خادىملىرىنى دائىم شۇ ئات بىلەن قىچقىراتتى. لېكىن، ئۆزى ھەددىدىن تاشقىرى سېخىي ئىدى. يەنى تۆۋەندە ئېيتىلغىنىدەك، **مىسرا:**

بۇ داۋەرلىك ئوخشاركى دىۋانەلىككە.

ئۇنىڭ ئىشلىرى بەلكى دىۋانىلىكنىڭ ئۆزى ئىدى. دوستمۇھەممەدخان يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق زامانىدا يەكەن ۋە قەشقەرگە بىر نۆۋەت لەشكەر تارتىپ باردى. چۈنكى سانىسىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىرىنچى نۆۋەت يەكەنگە لەشكەر باشلاپ كەلدى. سانىسىز مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى يەكەن دەرۋازىسىنى تاقاپ، شەھەرنى قوغدىدى. دوستمۇھەممەدخان ئۇلاردىن سانىسىز مىرزىنىڭ ئايالىنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇندىن كېيىن ئەمىرلەر جامال ئاغىنى دوستمۇھەممەدخانغا چىقىرىپ بەردى. ئاندىن كېيىن

① ھىجرىيە 869 ـ يىلى مىلادىيە 1464 ـ 1465 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخا بىلەن موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. 1996 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان رۇسچە نەشردە ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «خانسۇلتان خانىم» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ تەلەپ قىلدى. شۇڭا چوڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنى چىقىرىپ بەردى. شۇندىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان بۇندىن زىيادە تاقارىشماي قەشقەرگە ياندى. ئۆزى ئاقسۇدىن يەكەنگە يۈزلەنگەندە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قەشقەرلىكلەر تەلەپ قىلغانلىق تۈپەيلىدىن قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. دوستمۇھەممەدخان يەكەندىن قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. شۇندىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى يېڭىسارغا بۆيرۇپ قويۇپ، ئۆزى قەشقەرگە بىرىپ قەشقەرنى بۇلان - تالان قىلدى. ئاندىن ئاقسۇغا كەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دوستمۇھەممەدخاندىن رەنجىپ، يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلدى. بۇلار تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

دوستمۇھەممەدخان ئاقسۇغا بىرىپ بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن، سىڭلىسى ھۆسنىنىگار خانىمنى مىرزا ئابابەكرىگە بەردى. لېكىن مىرزا ئابابەكرى دوستمۇھەممەدخاننىڭ مىجەزىنىڭ غەلىتىلىكىدىن ھەمىشە ۋەھىمە قىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئاخىر قېچىپ قەشقەرگە يەنى تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا باردى. ئاندىن دوستمۇھەممەدخان ھۆسنىنىگار خېنىمنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان ئاتىسىنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرىگە مايىل بولۇپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالاردىن رۇخسەت تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ھوزۇرىدىكى ئۆلىمالاردىن ھېچقايسىسى رۇخسەت بەرمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆلىمالاردىن يەتتە كىشىنى ئۆلتۈردى. مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار ناملىق تەڭداشسىز ئالىم، دەرۋىش ۋە پەرھىزكار بىر كىشى بار ئىدى. ئاخىر ئۇنى چاقىرتتى. مەۋلانا مۇھەممەد كىرىپ كۆردىكى، خان مەست ھالەتتە قولىدا شەمشەرنى تۇتۇپ، غەزەپ بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. خان مەۋلانادىن: «[ئەي موللا،] ئۆگەي ئانامنى نىكاھىمغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. راۋامىدۇر؟» دەپ سورىدى. مەۋلانا جاۋاب بىرىپ: «سىزگە راۋادۇر» دېدى. شۇنداق قىلىپ خان شۇ سائەتتىلا توي تەييارلىقلىرىنى ھازىرلاپ، دەرھاللا نىكاھ قىلدۇردى ۋە شۇ كېچىسىلا بىر ياستۇققا باش قويدى. دوستمۇھەممەدخان بۇ ناشايان ئىشتىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە ئاتىسىنى كۆردى، ئاتىسى بىر قارا ئاتقا مىنىپ كەلدى - دە، دوستمۇھەممەدخانغا: «ھەي بەدبەخت، بىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىمىز يۈز يىلدىن بېرى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى كۆچىيىپ كەلگەنىدى، سەن ئىسلامدىن يېنىپ كاپىر بولدۇڭ!» دەپ دوستمۇھەممەدخاننىڭ كۆكسىگە بىر تال ئوق ئاتتى. ئاندىن كېيىن ئېتىدىن چۈشۈپ، قازان قارىسى ئېلىپ كېلىپ، دوستمۇھەممەدخاننىڭ يۈزىگە سۈرتۈپ قارا قىلدى. خان بۇ چۈشتىن قورقۇپ ئويغاندى، كۆپ پۇشايمان ۋە نادامەتلەر قىلدى. شۇ سائەتتىلا ئۆگەي ئانىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ غۇسلى قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خىرەلەشتى. تېنىگە قىزىتما ۋە ھارارەت پەيدا بولدى. خالايىق مۇھەممەد ئەتتارغا غەلۋە - غوۋغالار بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار: «بۇ ئىشقا پەتىۋا بەرمىگەن بولسىڭىز، خان بۇ بالاغا گىرىپتار بولماس ئىدى» دېدى. خان ئېيتتىكى: «مەۋلاناغا چېقىلماڭلار، چۈنكى مەن مەۋلانادىن پەتىۋا سوراشتىن ئىلگىرى ئۆلىمالاردىن يەتتە كىشىنى ئۆلتۈردۈم، ئاندىن كېيىن مەۋلانانى چاقىرغاندىم، ئۇ چاغدا ئۆزۈم مەست ئىدىم. قولۇمدا شەمشەر تۇتقان ھالدا قاتتىق قەھرى - غەزەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ: ‹ئۆگەي ئانامنى نىكاھىمغا ئالسام راۋامۇ ياكى راۋا ئەمەسمۇ؟› دەپ سورىدىم. بىچارە مەۋلانا ئاجىزلىقى ۋە ئىلاجىسىزلىقى تۈپەيلىدىن: ‹سىزگە راۋادۇر› دەپ بۇ پەتىۋانى بەردى».

مەۋلانا ئېيتتىكى: «مەن ئۆگەي ئانىنى نىكاھىغا ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرمىدىم، ‹سىزگە راۋادۇر› دېيىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىشنى ھالال بىلگەن ئىكەن، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ كاپىر بولدى دېگەن سۆز. بۇنداق ئىشلارنى قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا راۋا ئەمەس. كاپىر ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭغا راۋا بىلەن ناراۋانىڭ

پەرقى يوق».

دېمەك، خان شۇ جۇنۇپ بولغىنىچە ئالتىنچى كۈنى ۋاپات بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېشى يىگىرمە تۆتتە ئىدى. ئالتە يىل پادىشاھلىق قىلدى. يەتتىنچى يىلى ئالەمدىن كەتتى. بۇ ۋاقىت تارىخقا سەككىز يۈز يەتمىشىنچى يىلى[1] ئىدى.

خوجا شەرىپ قەشقەرى دوستمۇھەممەدخاننىڭ ۋاپاتى تارىخىنى «خوك مەرد» (توڭغۇز ئادەم) دېگەن سۆز بىلەن چىقىرىپتۇ. دوستمۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇرتنىڭ ھەممىسى باشباشتاق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېپەك سۇلتان ئاتلىق بىر ئوغلى قالغانىدى. خەلقنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئېلىپ قېچىپ، تۇرپان ۋە چالىش تەرەپلىرىگە كەتتى. يۇنۇسخان ئاقسۇغا كېلىپ پۈتكۈل خالايىقنى ئۆز تەۋەسىگە ئالدى.

## يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى قېتىم موغۇلىستانغا كەلگەنلىكى

مەخپىي قالمىسۇنكى، يۇنۇسخان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھۇزۇرىدىن ئىككىنچى نۆۋەت موغۇلىستانغا كەلدى. موغۇل ئەمىرلىرى يەنە خاننىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى. خاننىڭ كۆپ ۋاقتى موغۇلىستاندا ئۆتەتتى ۋە يەتتە كەنتتە ئورۇنلاشقانىدى. لېكىن ئىسانبۇغاخانغا تەئەللۇق چېگرالارغا دەخلى يەتكۈزەلمەيتتى. ئىسانبۇغاخان بىلەن ئەمىر سەيىد ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق دوستمۇھەممەدخانغا قالغاندا، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن سانىز مىرزىنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇپ، [مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا] ئاقسۇغا دوستمۇھەممەدخاننىڭ ھۇزۇرىغا باردى. سانىز مىرزا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلدى. شۇ سەۋەبتىن يۇنۇسخان بىردىنلا كۈچەيدى. شۇ كۈنلەردە يۇنۇسخان نەچچە نۆۋەت قەشقەرگە كەلدى. ئەمما موغۇل لەشكەرلىرى قەشقەردە تۇرغىلى ئۇنىماي قېچىپ كېتەتتى. شۇ سەۋەبتىن خانمۇ ئىلاجىسىزلىقتىن موغۇلىستانغا كېتەتتى. نەچچە نۆۋەت شۇنداق ئەھۋال سادىر بولدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىدا خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رىۋايەتلەر ناھايىتى ئۇزۇن. قىسقىچە بايان قىلغاندا، يۇنۇسخان ھەمىشە شەھەر ۋە دىيار ئارزۇسىدا ئىدى. ئەمما موغۇل لەشكەرلىرى بولسا شەھەردىن بىزار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خان ھەمىشە موغۇلىستاندا كۈن كەچۈرەتتى. سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ يۇنۇسخانغا تەۋە بولدى ۋە بۇ ئەسنادا دوستمۇھەممەدخان ئۆلدى. يۇنۇسخان ئاقسۇغا كېلىپ، دوستمۇھەممەدخاننىڭ تامام مەملىكىتىنى ئۆز تەۋەسىگە ئالدى. دوستمۇھەممەدخاننىڭ كېپەك سۇلتان دېگەن ئوغلىنى ئۇنىڭ بىر مۇنچە تەرەپدارلىرى تۇرپان تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. يۇنۇسخاننىڭ تەبىئىتى ئاقسۇدا تۇرۇشنى خالايتتى. چۈنكى ئاقسۇ موغۇلىستان بىلەن سېلىشتۇرغاندا شەھەرگە ئوخشاشراق ئىدى. لېكىن موغۇل خەلقىنىڭ ئەلپازىدىن خان شۇنى سەزدىكى، ئەگەر ئاقسۇدا بۇنىڭدىن زىيادە تۇرسا، موغۇل ئۇلۇسى كېپەك سۇلتان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا يۇنۇسخان ئىلاجىسىز ھالدا پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسىنى ئېلىپ موغۇلىستانغا باردى.

بۇ ۋاقىت ئىسان تايشىنىڭ ئوغلى ئۇماسانچى تايشىنىڭ دەۋرى ئىدى. ئىسان تايشى ھەققىدە ئۇۋەيسخاننىڭ ئەھۋالاتلىرى بايانىدا زىكىر قىلىنىدى. دېمەك ئۇماسانچى تايشىمۇ بۇ چاغدا موغۇلىستانغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە: يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىسان تايشى ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلۇ خانىمنى خاننىڭ جېنىنى ئامان قويۇش بەدىلىگە ئالغانىدى. ئۇ مەختۇم خانىمدىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تاپتى. ئەمما ئۇۋەيسخان مەختۇم خانىمنى ئىسان تايشىغا بېرىدىغان چاغدا ئىسان تايشىنى مۇسۇلمان قىلىپ، ئاندىن

[1] ھىجرىيە 870 ـ يىلى مىلادىيە 1465 ـ 1466 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

شەرىئەت بويىچە نىكاھلاپ بەرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسان تايشى ئۆز تەۋەلىرىنى مۇسۇلمان قىلىغانىدى. خانىمدىن بولغان ئىككى ئوغۇلغا ئىبراھىم ۋە ئىلياس دەپ ئات قويىدى. قىزىنى قادىربەردى ئىبىن [مىر] كەرىمبەردىگە بەرگەنىدى. مەقسەت شۇكى، مۇسۇلمانچىلىق سەۋەبىدىن ئىبراھىم ئوڭ ۋە ئىلياس ئوڭ بىلەن ئۇماسانچى تايشىنىڭ ئارىسىدا نەچچە قېتىم جەڭگى ـ جېدەللەر بولدى. قالماق تىلىدا خانزادىنى «ئوڭ» دەپ ئاتىشىدۇ. دېمەك ئۇماسانچى تايشى ئۇلاردىن قېچىپ ئۈچ [يۈز] مىڭ كىشى بىلەن موغۇلىستانغا كەلدى. ئاخىلىنىشلارغا قارىغاندا، ئىبراھىم ۋە ئىلياسلار توققۇز يۈز مىڭ كىشى بىلەن قالغانىدى. ئاخىر ئۇلار بىلەن قالماق خانىنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش كۆپ يۈز بەردى. ئىبراھىم ئوڭ بىلەن ئىلياس ئوڭ قالماق خانىدىن قېچىپ قىرىق مىڭ كىشى بىلەن خىتاي چېگرىسى ئىچىگە كىردى. بۇلارنىڭ ۋەيرانچىلىقى دوستمۇھەممەدخان [ۋاپات بولۇشتىن] ئىلگىرى، [يەنى تارىخنىڭ سەككىز يۈز يەتمىش ئۈچىنچى يىلىدا ① ] يۈز بەرگەنىدى. ئىبراھىم ئوڭ بىلەن ئىلياس ئوڭ [تارىخقا توققۇز يۈز ئونىنچى يىلى② ئەتراپىدا خىتاي چېگرىسى ئىچىگە كىرگەنىدى] ھەر ئىككىلىسى خىتاي مەملىكىتىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئىبراھىم ئوڭنىڭ بابۇلاي ئاتلىق بىر ئوغلى قالغانىدى. ھازىر شۇ چېگرىدا بار بولغان شۇ قەۋمنىڭ ئېتىنى بابۇلاي دېيىشىدۇ. مەنسۇرخان خىتاي غازىتىغا بارغاندا شۇ غازات جەريانىدا بۇ جامائەت بىلەن جەڭ قىلغان. بۇنىڭ تەپسىلاتى مەنسۇرخانىنىڭ زىكرىدە بايان قىلىنغۇسى.

ئۇماسانچى تايشى ئىبراھىم ئوڭ ۋە ئىلياس ئوڭدىن ئايرىلىپ موغۇلىستانغا كەلگەن چاغدا يۇنۇسخانمۇ ئاقسۇدىن موغۇل خەلقىنى كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا سەپ تۈزۈپ جەڭ قىلىشتى. جەڭدە يۇنۇسخان يېڭىلىپ، موغۇل ئەمىرلىرىدىن كۆپ كىشى شېھىت بولدى. موغۇل ئۇلۇسى تۈركىستان تەرەپلىرىگە باردى. تۈركىستان چېگرىسىدا سەيھۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا قارا توقاي ئاتلىق جايدا قىش ـ زىمىستانىنى ئۆتكۈزدى. بۇرۇج ئوغلان بۇ چاغدا موغۇل ئەھلى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ چاپقۇن قىلدى. تەپسىلاتى تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسى.

## دوستمۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى، يۇنۇسخانىنىڭ غالىبىيەتكە ئېرىشىپ، ئەبۇلخەيرخان ئۆزبېكنىڭ ئوغلى بۇرۇج ئوغلاننى ئۆلتۈرگەنلىكى

تارىخنىڭ سەككىز يۈز ئەللىك بەشىنچى يىلىدا③ جۇجى خانىنىڭ يۇرتى بولغان دەشتى قىپچاقتىن ئىبارەت بۇ مەملىكەتكە چىڭگىزخانىنىڭ ئوغلى جۇجى خانىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەبۇلخەيرخان پادىشاھ ئىدى. ئۇ زاماندا ئۇ يۇرتتا ئۇنىڭدىن ئۇلۇغراق پادىشاھ يوق ئىدى. ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى خەلق چېچىلىپ كەتتى. كۆپ قىسمى كىرەيخان ۋە جانىبېكخان قازاققا تەۋە بولدى. كىرەيخان ۋە جانىبېكخانلار بىلەن ئەبۇلخەيرخانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا قەدىمي ۋە چوڭ ئاداۋەت پەيدا بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئەبۇلخەيرخانىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ موغۇل خانلىرىغا ئاداۋەتلىرى بار ئىدى. چۈنكى موغۇل خانلىرى كىرەيخان ۋە جانىبېكخانغا ھىمايىچى بولغانىدى. ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بۇرۇجخانىنىڭ ھوزۇرىغا يىغىلدى.

---

① ھىجرىيە 873 ـ يىلى مىلادىيە 1468 ـ 1469 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 910 ـ يىلى مىلادىيە 1504 ـ 1505 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.
③ ھىجرىيە 855 ـ يىلى مىلادىيە 1451 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرەيخان بىلەن جانىبېكخان كۆچلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بۇرۇج ئوغلان ئۇلاردىن چۆچۈپ ئۆزىنى يىراققا تارتىپ، تۇركىستان چېگرالىرىدا كۈن كەچۈردى. بۇرۇج ئوغلان موغۇل ئۇلۇسىنىڭ تۇركىستانغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۇنۇسخاننىڭ قارا توقايدا ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ، ئىلغار قوشۇننى ئېلىپ، يۇنۇسخان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. پۈتكۈل موغۇل ئۇ كۈنى شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ شىكار قىلاتتى. بۇرۇج ئوغلان مۇز ئۈستىدىن يۈرۈپ چاشكا ۋاقتىدا قارا توقايغا يېتىپ كەلدى. خاننىڭ ئوردىسى خالىي قالغانىدى. بۇرۇج ئوغلان يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى. گەرچە موغۇللار ئۇ كۈنلەردە ئاتمىش مىڭ ئۆيلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك شىكارغا كېتىپ، ماكانلىرىدا ئايال ۋە كىچىكلەرلا قالغانىدى. دېمەك، تۇيۇقسىزلا بۇرۇج ئوغلان لەشكىرى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى ۋە ھەر قايسىسى بىردىن ئۆيگە كىلىپ چۈشتى. بۇرۇج ئوغلان ئۆزى خاننىڭ ئوردىسىغا چۈشتى. ئاندىن مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلان ـ تالان قىلىشقا باشلىدى. پۈتكۈل لەشكەرلەر ئۆي ـ ئۆيدە بۇلان ـ تالانغا مەشغۇل بولدى. شىكار قىلىپ يۈرگەن يۇنۇسخانغا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى. خان شىكارنى قويۇپ ئوردىسىغا ياندى. لەشكەرلىرىنى يىغىشنىمۇ ساقلىماستىن دەريا لىۋىگە كەلدى. قارىسا دەريا مۇزلاپتۇ. ئەمما خاننىڭ ئوردىسى دەريانىڭ لىۋىدە ئىدى. خان بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۆزى كارناي چالدى. چۈنكى خان كارناي چېلىشتا شۇ.قەدەر ئۇستا ئىدىكى، ئۇ ئەسىردە ھېچكىم كارناينى خاندەك چالالمايتتى. ھەر كىم ئۇنىڭ چالغان كارنىيىنى ئاڭلىغان ھامان خاننىڭ كارناي چالغىنىنى بىلەتتى. دېمەك خان ئالتە كىشى بىلەن مۇز ئۈستىدىن يۈرۈپ، دەريادىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ، كارناي چالغان ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالتە كىشىنىڭ بىرى تۇغچى ئىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەن ھەر بىر ئۆزبېككە ئامانلىق بەرمەي تۇتۇۋالدى. بۇرۇج ئوغلان كارناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالتە كىشىنىڭ تۇغ بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆردى. شۇڭا ئاتقا مىنمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېتى بىلەن ئاختىچىسىنى [خاننىڭ] كېنىزەكلىرى تۇتۇۋالغانىدى. ئىچكىرىدىن ئاياللار چىقىپ، بۇرۇج ئوغلاننىمۇ تۇتۇۋالدى. شۇ ھالەتتە خان يېتىپ كەلدى ـ دە، بۇرۇج ئوغلاننىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى ئۆلۈم خەنجىرى بىلەن كېسىشكە پەرمان قىلدى. خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن بۇرۇج ئوغلاننىڭ بېشىنى كېسىپ، نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ كۆتۈردى. كەلگەن يىگىرمە مىڭ كىشىدىن بىر كىشىمۇ قۇتۇلالمىدى. خان غەلىبە ـ نۇسرەت ئىچىدە ئوردىسىغا كىردى. ئەتىسى پۈتكۈل موغۇل خەلقى يىغىلىپ، بۇرۇج ئوغلاننىڭ مەنزىلگاھىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىر مۇنچە يەرگىچە قوغلىدى. ئەبۇلخەيرخاننىڭ مۇلازىملىرىدىن قالغانلىرى بۇ قېتىم پۈتۈنلەي پاراكەندە بولۇپ، چېچىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇندىن كېيىن ھەربىرى ئۆز ئورنىدا، ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

## شەيخ جەمالىددىنىنىڭ ۋەقەسى ۋە خاننىڭ ئۇنىڭغا تۇتقۇن بولغانلىقى

يۇنۇسخان زېمىستاننى قاراتوقايدا ئۆتكۈزدى. باھار يېقىنلاشقاندا تاشكەنت تەرەپكە باردى. ئۇ يەردە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن شەيخ جەمال [خەر] ئاتلىق بىر ئەمىر بار ئىدى. ئەمما، ئۇ كۈنلەردە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئىراق زېمىنىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. خۇراساننىڭ پادشاھلىقى سۇلتان ھۇسەين مىرزىغا قارار تاپقانىدى. سەمەرقەندكە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا پادشاھ بولغانىدى. ھىسار، قۇندۇز ۋە بەدەخشان قاتارلىق جايلارغا سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ يەنە بىر ئوغلى

www.uyghurkitap.com

سۇلتان مەھمۇد مىرزا پادشاھ بولغانىدى. ئەندىجان ۋە پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پادشاھلىقى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تەۋە بولغانىدى. بۇ ئۈچەيلەن يۇنۇسخانغا كۈيئوغۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنىغۇسى.

دېمەك، بۇ شەيخ جەمال سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرى ئىدى ۋە تاشكەنتكە ھاكىم ئىدى. ئۆزىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تەۋە بولغان سەمەرقەندكە قاراشلىق دەپ تونۇيتتى. ئەمما، سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تولۇق ئىتائەت قىلمايتتى. يۇنۇسخان ئۇماسانچى تايشى ۋە قالماقلارنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرى تۈپەيلىدىن موغۇلىستانغا بارالمىدى. يايلاق ئىزدەپ تاشكەنت تەرەپكە باردى. چۈنكى بۇ ئۈچ مىرزا يۇنۇس خانغا كۈيئوغۇل بولۇپ، خان ئۇلارغا ئىشەنچ قىلغانىدى ۋە ئۆزئارا بىرىپ ـ كېلىشتە ھېچ ئىككىلەنمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن خان ئىككىلەنمەيلا تاشكەنت تەرەپكە باردى. ئەمما خاننىڭ قول ئاستىدىكى موغۇللار شەيخ جەمالنىڭ ھوزۇرىغا مەخپىي ھالدا كىشى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خانغا قارشى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شەيخ جەمال موغۇللار بىلەن ئەھدۇ پەيمانلار قىلىشىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، كۆرۈنۈشتە خاننىڭ خىزمىتىگە بارىمەن دەپ خاننىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇلار خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن كەلدى. خاننىڭ ھوزۇرىدىكى موغۇللارنىڭ ھەممىسى تاشقىرىغا چىقىپ يۈگۈرۈشتى. خان يالغۇز قالدى ۋە سورىدىكى: «بـۇ خـەلق قـەيـەرگـە بارىدۇ؟» ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «شەيخ جەمال جانابىڭىزنىڭ خىزمىتىگە كەپتۇ. بۇلار شۇنىڭ ئالدىغا چىقماقچى» دېيىشتى. شەيخ جەمال ناغرىخاننىڭ يېنىغىچە، يەنى خاننىڭ تۇغى قادالغان جايغىچە كېلىپ، ئاتلىق ھالەتتە تۇردى. ئۇنىڭغىچە خاننىڭ ھوزۇرىدا ھېچكىم قالمىغانىدى. شەيخ جەمال ئادەم كىرگۈزۈپ خاننى تۇتتۇۋالدى. بەلكى خاننى ئۆز مۇلازىملىرى تۇتۇپ بەردى. شەيخ جەمال شۇنداق قىلىپ خاننى ئاسانلا تۇتتۇۋېلىپ قاماققا سالدى. خان تاكى بىر يىلغىچە قاماقتا ياتتى. پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى شەيخ جەمالنىڭ ھوزۇرىغا باردى.

خاننىڭ خوتۇنى ئىسان دۆلەت بېگىم (بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلىنـدى) دىن بولغان دۆلەتنىگار خانىم سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئايالى ئىدى. قۇتلۇق نىگار خانىم بولسا مىرزا ئۆمەر شەيخنىڭ ئايالى ئىدى. بۇ ئىككى خانىم ئىسان دۆلەت بېگىمنىڭ قىزلىرى ئىدى. شەيخ جەمال ئىسان دۆلەت بېگىمنى بىر مۆتىۋەر كىشىگە بۇيرۇپ بەردى. ئىسان دۆلەت بېگىمگە بۇ ناخۇشخەۋەرنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، قىلچە ناخۇشلۇق ئىزھار قىلمىدى. بەلكى رىزالىق بەردى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى خوجا كالان ئىدى. خوجا كالانغىمۇ ئىسان دۆلەت بېگىمنىڭ رىزالىق بەرگەنلىكى يەتكۈزۈلدى. خوجا كالان ناھايىتى خۇشال بولدى. كۈن كەچ بولۇش بىلەنلا بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. مۇلازىملىرىنى تاشقىرىدا قويۇپ، ئۆزى تەنھا ھالدا ئىچكىرىگە كىردى. ئەمما ئىسان دۆلەت بېگىم كېنىزەكلىرى بىلەن قارار قىلىشىپ: «خوجا كالان كىرسە ئۆلتۈرىمىز» دەپ تەييارلىق قىلىشىپ تۇرغانىدى. خوجا كالان ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەنلا كېنىزەكلەر ھەممە ئىشىكلەرنى مەھكەم ئەتتى. بېگىم ھەممە ئىشىكلەرنىڭ ئېتىلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، خوجا كالاننى تۇتتى ۋە تەخىرسىزلا كىچىك ياچاق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە خوجا كالاننىڭ جەسىتىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ شەيخ جەمالغا مەلۇم قىلدى. شەيخ جەمال كىشى ئەۋەتىپ بېگىمـدىن ئۇنىـڭ ئۆلتۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بېگىم ئېيتتىكى: «مەن يۇنۇسخاننىڭ خوتۇنى تۇرسام، شەيخ جەمالنىڭ مېنى يەنە بىرسىگە بېرىشى مۇسۇلمانچىلىق شەرىئىتىدە راۋامۇ؟ مەن خوجا كالان دېگەننى ئۆلتۈردۈم، شەيخ جەمال مېنى ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرسە رازىمەن».

شەيخ جەمال بېگىمنىڭ بۇ دىن ـ دىيانىتىگە ۋە جۈرئىتىگە قايىل بولۇپ، ئاپىرىن ئېيتتى. بېگىمنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن خاننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا خاننىڭ

قاماقتا چۈشكىنىگە بىر يىل بولغانىدى. مىر كەرىم بەردى دوغلاتنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەمىر ئەبدۇل قۇددۇس بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، شەيخ جەمالغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنى ھالاك قىلىپ بېشىنى كېسىپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى ۋە خاننى قاماقتىن چىقاردى. شەيخ جەمالنىڭ خىزمىتىگە بارغان موغۇللارنىڭ ھەممىسى يەنە خاننىڭ خىزمىتىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار خانغا ئەرز قىلىپ: «بىزنىڭ خانغا قارشىلىق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، خان بىزنى شەھەر ھەم ۋىلايەتلەردە تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بىزنىڭ شەھەر، ۋىلايەتلەردە تۇرۇشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس. بەلكى ناھايىتى مۇشكۇلدۇر» دېيىشتى. خانمۇ شۇندىن كېيىن شەھەر، ۋىلايەتلەردە تۇرۇش ۋە يۈرۈش قىلىشتىن تۆۋە قىلدى [مەن بۇندىن كېيىن شەھەر، ۋىلايەت ئارزۇسىدا بولمىغايمەن، دېدى]. بۇ ۋاقىتنى «ئامەد سەر خەر گىرىفتە ئەبدۇل قۇددۇس» دېگەن تارىخ بىلەن خاتىرىلىدى. بۇ تارىخ تەئمىيە (مۇئەمما) ئۇسۇلى بىلەن تۈرغۇزۇلغان. چۈنكى «خەر» نىڭ بېشىدا «خ» بولۇپ ئۇنى ئەبدۇل قۇددۇستىن ئالسا تارىخ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا قالماقلار يەنە ئۆز يۇرتىغا يانغانىدى. موغۇلىستان خالىي قالدى. خان موغۇل خەلقىنى كۆچۈرۈپ موغۇلىستانغا باردى.

## شەيخ جەمال [خەر]نى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، يۇنۇسخان بىلەن ماۋەرائۇننەھر پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

يۇنۇسخان يەنە خانلىق تەختىدە ئورۇن ئالدى. موغۇل ئەمىرلىرى باشلىق ھەممە موغۇل ئۇلۇسى خاندىن بۇندىن كېيىن ئۇلارنى شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلماسلىق ھەققىدە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. موغۇللاردىن سادىر بولغان بۇ پىتنە ئاخىر بېرىپ قارشىلىققا سەۋەب بولاتتى. شۇڭا خان ئىلاجىسىز رىزالىق بېرىپ موغۇلىستانغا باردى. ئۇمانسانچى تايشى قالماقلار بىلەن ئۆز جايلىرىغا كەتكەنلىكتىن، موغۇلىستان قالماقتىن خالىي بولۇپ قالغانىدى. خان نەچچە يىلغىچە موغۇلىستاندا بولدى ۋە شەھەر - دىيارلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى مۇتلەق تاشلىدى. شۇڭا موغۇل ئۇلۇسى خانغا جان - دىلى بىلەن بەيئەت قىلدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە ئىدى. ئۇ خاننىڭ ئىتائىتىنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى. خانمۇ تاغىلىق مېھرىگە ئەمەل قىلىپ، ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن خۇشال قىلاتتى. موغۇلىستان ۋە قەشقەردە ئاۋاتلىق ۋە تىنچلىق ھاسىل بولدى. خان موغۇلىستانغا كەلگەندە دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى كېپەك سۇلتان تۇرپان تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى. مۇلازىملىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. كېپەك سۇلتان گەرچە خان بىلەن دۈشمەنلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن، خان تۇغقانلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭغا ھازا تۇتتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىلەردىن قىساس ئالدى. شۇندىن كېيىن ھېچ قايسى تەرەپتە خانغا بويسۇنتاۋلىق قىلىدىغان كىشىلەر قالمىدى.

خان بۇرۇج ئوغلانى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چوڭ قىزى مېھرىنىگار خانىمنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئەۋەتتى ۋە ئېيتتىكى: «سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا موغۇل بىلەن چاغاتاي ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئالماشتۇرغانىدى. مەن ئۇ دوستلۇقنى تۇغقانلىق، قېرىنداشلىق بىلەن مۇستەھكەملىگەنىدىم. شۇڭا مەن ھەممە قىزلىرىمنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىمەن».

مېھرىنىگار خانىم ئاخىرقى ئۆمرىگىچە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھەرىمىدە ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغۇسى.

خان شەيخ جەمالنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن موغۇلىستانغا كەلدى. مېھرىنىگار خانىمدىن كىچىك قىزى بولغان قۇتلۇقنىگار خانىمنى تارىخنىڭ سەككىز يۈز سەكسىنىنچى يىلى[1] سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بەردى. خان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئارىسىدا بىرلىك ۋە مۇھەببەت شۇ دەرىجىدە كۈچەيدىكى، ئاتا بىلەن ئوغۇل ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭدەك بىرلىك ۋە مۇھەببەتنىڭ بولۇشى قىيىن. ئۆمەر شەيخ مىرزا ھەمىشە موغۇلىستانغا بېرىپ، بىر ئاي ـ ئىككى ئايلاپ خاننىڭ سۆھبىتىدە بولاتتى. بەزىدە خاننى ئەندىجان تەرەپكە ئېلىپ كېلىپ، بىر ـ ئىككى ئاي ئوردىسىدا تۇرغۇزاتتى. ئۇ كۈنلەردە ئۆمەر شەيخ مىرزا خانغا تولا تەكلىپ تەرغىبلارنى قىلىپ: «سەمەرقەندكە بارسىڭىز ۋە سەمەرقەندنىڭ پادىشاھلىقىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن ئېلىپ، مېنى سەمەرقەندكە پادىشاھ قىلسىڭىز» دەيتتى. ئەمما خان قوبۇل قىلمايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ بۇ خىيالىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلىپ قېلىپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنى يوقىتىش پىكرىگە چۈشتى. شۇڭا لەشكەر توپلاشقا باشلىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا خانغا ئىلتىجا قىلدى. خان كەلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا خانغا بەزى ۋىلايەتلىرىنى بەردى. بۇ سەۋەبتىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆمەر شەيخ مىرزىغا چېقىلالمىدى. بىر نەچچە قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋاللار سادىر بولدى.

ئاخىر شۇنداق بولدىكى، خان ھەر قىشتا ئەندىجانغا كېلەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز ۋىلايىتى ئىچىدىن خان قايسى ۋىلايەتنى خالىسا شۇنى خانغا بېرەتتى. باھار پەسلىدە خان يەنە موغۇلىستانغا كېتەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا يەنە ئۆز ۋىلايىتىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. بۇ قېتىم ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز قېرىندىشى سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن ۋەھىمە قىلىپ يۈنۇسخاننى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئاخسىنى خانغا بەردى. خان ئاخسىدا قىشلاق قىلدى. بۇ خەۋەر سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا يەتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەئەررۇز قىلىشنى توختاتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن خاتىرجەم بولدى. خان ئاخسىدا تۇرۇشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئاخسى پەرغانە ۋىلايىتىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئۇلۇغى، بەلكى پەرغانە شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى ئىدى. بۇ تۈپەيلىدىن ئۆمەر شەيخ مىرزا خانغا دۈشمەن بولدى. ھەرقانچە نەسىھەتلەر قىلغان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. ئاخىر جەڭ قىلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىغا شىكەستە يەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنى [باغلاپ] خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. خان چاچراپ قوپۇپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىنى بوشىتىپ، ئىنئام ـ ئېھسانلار قىلدى ۋە: «سەن چاپسان كەتكىن. لەشكەرلىرىڭ ۋە تاۋابىئاتلىرىڭ چېچىلىپ كەتمىسۇن. مەنمۇ تەخىرسىزلا ئۆيۈڭگە بارىمەن» دەپ ياندۇردى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەندىجانغا كەتتى. خان موغۇل ئۇلۇسىغا ئىجازەت بېرىپ، موغۇلىستانغا ياندۇردى. ئۆزى ئەھلى ئايالى ۋە بىر مۇنچە مۇلازىملىرى بىلەن ئەندىجانغا بېرىپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئاي مېھمان بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ھېچبىر ئاداۋەت ۋە كىر ساقلانمىدى.

يەنە بىر نۆۋەت مىرزا ئۆمەر شەيخ مىرزا خاننى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ مەرغىناننى بەردى. خان مەرغىناندا ۋاقتىدا مۇرشىدلارنىڭ پېشىۋاسى، تەڭرى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ قىبلىگاھى خوجا ناسىرىددىن ئەبدۇللا (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) مەرغىنانغا كەلدى. ئۇ زاتنىڭ خاھىشلىرى خاننىڭ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئارىسىدا سۈلھى بىلەن تىنچلىق ئورنىتىپ، نىزا ۋە قارشىلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن توغرا سۆزلۈك نەقىل قىلغۇچىلاردىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. ھەزرىتى ئىشان (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) مەرغىنانغا يېقىن كەلدى. تامام موغۇل خەلقى ئۇ زاتنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. موغۇللار شۇ قەدەر تەزىم ۋە

[1] ھىجرىيە 880 ـ يىلى مىلادىيە 1475 ـ يىلى 1476 ـ يىللىرى.

تاۋازۇ قىلدىكى، ئەدەپ ساقلاپ ھېچ بىرلىرى ھەزرىتى ئىشان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، تاپتىن چىقىپ ئەدەپسىزلىك قىلمىدى. ئەر ـ ئايال خالايىق توپ ـ توپ بولۇپ يىراقتىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئەدەپ بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئىشان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى يولغا تاشلىشاتتى ۋە ئۇ يولنىڭ تۇپرىقىنى تەۋەرۈك بىلىپ سۈپۈرۈپ ئېلىشاتتى. خان ئۆزى تەنھا ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. ھەزرىتى ئىشان يېقىنلاشقاندا خان ئېتىدىن چۈشۈپ، ھەزرىتى ئىشاننىڭ كېلىدىغان يوللىرىدا يۈزىنى تۇپراققا قويۇپ تۇردى. ئىشان يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدا ھەزرىتى ئىشاننىڭ يېقىنلىرى ئىچىدىن خاننى تونۇيدىغان بىرى ئىشانغا: «بۇ يۇنۇسخاندۇر» دېدى. ھەزرىتى ئىشان تېزلىك بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، خاننىڭ بېشىنى تۇپراقتىن ئېلىپ كۆرۈشتى.

پېقىر مۇرشىدلار پاسبانى ھەزرىتى مەخدۇمى مەۋلانا قازىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ھەزرىتى ئىشان مەرغىنانغا بارۇر بولدى. يۇنۇسخاننىڭ ئېتىنى ئاڭلايتتۇق ۋە خىيال قىلاتتۇقكى: «ئېھتىمال بىر كۈسا موغۇلدۇر. چىراي، تۇرقى سەھرالىق موغۇللاردەكتۇر» دەپ ئويلايتتۇق. ئەمما مەرغىنانغا بارغاندىن كېيىن خاننى كۆردۈم. ئۇ ئىنتايىن خۇش چىراي، خۇش مۇئامىلە، ساقاللىق ۋە تاجىك چىراي، ئىنتايىن تاۋازۇلۇق، شېرىن سۆزلۈك ئادەم ئىكەن. بۇنداق خۇش سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلە كىشى تاجىكلار ئارىسىدىمۇ كەم تېپىلسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى ئىشان خاننى كۆرگەندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى پۈتكۈل پادىشاھلارغا مەكتۇپ ئەۋەتتى: «مەن يۇنۇسخان موغۇلنى كۆردۈم. مۇنداق پادىشاھنىڭ تەۋەسىدىكى خەلقنى قۇل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەھلىدۇر» دەپ ئەمىر قىلدى. شۇندىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا ھېچكىم موغۇلنى ساتمىدى ۋە ئالمىدى. چۈنكى بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى موغۇللارنى كۆپپارلار قاتارىدا ساتاتتى.

## مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قەشقەردە ھۆكۈمەت تۇتقانلىقى

ئەمىر سەيىد ئەلىنىڭ ئوغلى سانسىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە ۋەتەن تۇتتى. دوستمۇھەممەدخان ئۆلۈپ موغۇل ئۇلۇسىنى يۇنۇسخان موغۇلىستانغا ئېلىپ باردى. بۇرۇج ئوغلان ۋە شەيخ جەمالنىڭ ۋەقەلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك يۈز بەردى. ئاندىن كېيىن يۇنۇسخان موغۇلىستان خەلقىنىڭ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەر ۋە ۋىلايەت دەۋاسىنى قىلمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە تۇرۇپ خانغا ئىتائەت قىلاتتى. خانمۇ ئۇنى پەرزەنت قاتارىدا كۆرەتتى. تارىخقا سەككىز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلىدىن[①] تاكى سەككىز يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلىغىچە[②] مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە تىنچلىق ۋە پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەشقەردە ھۆكۈمەت تۇتقان ۋاقتى باشتىن ئاخىرغىچە جەمئىي يىگىرمە تۆت يىل ئىدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئون ئالتە يىل مۇستەقىل، سەككىز يىل باشقىلارغا تەۋە بولغان ھالدا ھۆكۈمەت تۇتتى.

## مىرزا ئابابەكرىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

سانسىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان يەكەنگە كېلىپ، سانسىز مىرزىنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئېلىپ، سانسىز مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابابەكرى مىرزىنى

① ھىجرىيە 869 ـ يىلى مىلادىيە 1464 ـ 1465 ـ يىللارنى كۆرسىتىدۇ.
② ھىجرىيە 885 ـ يىلى مىلادىيە 1480 ـ 1481 ـ يىللارنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىللە ئېلىپ ئاقسۇغا كەتتى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ھۆسنىنىگار خانىمنى ئابابەكرى مىرزىغا بەردى. لېكىن ئابابەكرى مىرزا دوستمۇھەممەدخانىنىڭ مىجەزىنىڭ يامانلىقىدىن قېچىپ، تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. دوستمۇھەممەدخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۆسنىنىگار خانىمنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى.

مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى. ئۆزى ناھايىتى جۈرئەتلىك، ساخاۋەتلىك ۋە كۆچتۆنگۈر كىشى ئىدى. قەددى قامىتى شۇ قەدەر ئېگىز ئىدىكى، ئەگەر يۈز كىشىنىڭ ئارىسىدا پىيادە ھالەتتە كەلسە، يىراقتىن ئۇنى كۆرگەن كىشى ئاتلىق كېلىۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلاتتى. لېكىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تامامى جەددى ـ جەمەتىدىن باشلاپ دۆلەتمەن كىشى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، لەشكىرى ئىشلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئەمىر سەيىد ئەلىنىڭ سەكسەن يىللىق ئۆمرى ئىچىدە تەربىيىلەپ، كامالەتكە يەتكەن سەردارلىرى بار ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ زامانىدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋاپات بولغان بولسىمۇ بەزىلىرى بار ئىدى، بەزىلىرى قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ھۇزۇرىدا ھېچبىر ئېتىبارى يوق ئىدى. شۇڭا، ھەممە مىرزىلار ۋە ياش مىرزىزادىلەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ خىزمىتىگە مايىل بولدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن. لېكىن بۇ ۋەقەلەر تەرتىپلىك ھالدا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ زاماندىكى خەلقلەردىن ھازىرقى زاماندا كىشى قالماپتۇ. چۈنكى ئۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە يىگىرمە يىل ئۆتكەن بولسا كېرەك. ئۇ زاماندىكى كىشىلەردىن ئۆز ۋاقتىدا پارچە ـ پۇرات ئاڭلىغانىدىم. ھازىر بۇ كۈندە ئۇنتۇلۇپتۇ. ئەمما خۇلاسە سۆز شۇكى، مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن قېچىپ يەكەنگە باردى ۋە ئۆزى بىر شاھانە مەكتۇب ياساپ چىقىپ، يەكەن ھاكىمىغا كۆرسىتىپ، بۇ ھىيلە بىلەن يەكەننى قولغا كىرگۈزدى. ئاندىن تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ ئۇنىڭ ئىتائىتىنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خىزمىتىگە قەشقەرنىڭ مىرزىلىرى ۋە ياشلىرىدىن ئۈچ مىڭ كىشى يىغىلدى. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۆمەر مىرزا قەشقەردە ئىدى. ئۇمۇ ئاكىسى ھۇزۇرىغا يەكەنگە باردى. بۇ ئىككى قېرىنداش بىرلىشىپ يەكەن چېگرىلىرىنى قوغداشقا كىرىشتى ۋە خوتەننى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ خىيالىغا چۈشتى. سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە خوتەننىڭ ۋە خوتەن ھاكىملىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىش لازىم بولدى.

## خوتەن مىرزىلىرىنىڭ بايانى

خوتەن شەرق تەرەپتىكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرىدۇر. خوتەننىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تارىخلاردا زىكىر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرىدىمۇ بايان قىلىنغۇسى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىكى ئەمىر خۇدايداد (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي) قا يەتكەندىن كېيىن، دوغلاتلارغا تەئەللۇق بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا تەقسىم قىلىندى. قەشقەر ۋە يەكەننى كىچىك ئوغلى سەيىد ئەھمەد مىرزىغا تاپشۇرغانىدى. ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھامىمىسىنىڭ ئوغلىدىن ئىككى قېرىندىشى بار ئىدى، ئىسىملىرى ئىلياسشاھ ۋە خىزىرشاھ ئىدى. ئەمىر خۇدايداد ئاقسۇنى ئىلياسشاھقا، خوتەننى خىزىرشاھقا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى

سەيىد ئەھمەد مىرزىغا تەۋە قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇلارنى مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە چۇشۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ سەيىد ئەھمەد مىرزىنىڭ ئىقتىدار ئالقىنىغا تاپشۇرغانىدى. دېمەك، ئىلياسشاھ بىلەن خىزرشاھ باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ھەر يىلى سەيىد ئەھمەد مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا كېلەتتى ۋە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ۋىلايەتلىرىگە ياناتتى. تاكى ئەمىر سەيىد ئەلىنىڭ زامانىغىچە بۇ قائىدە جارىي بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمىر سەيىد ئەلى ئاقسۇنى ئىسانبۇغاخانغا بەرگەندىن كېيىن، ئىلياسشاھنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىلياسشاھ ئاتلىق بىر نەۋرىسى ئىسانبۇغاخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمىتى تاكى دوستمۇھەممەدخاننىڭ زامانىغىچە شۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. ئەمما ئەمىر سەيىد ئەلىدىن كېيىن خوتەندە خىزرشاھنىڭ نەسلىدىن ئىككى قېرىنداش بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى خاننەزەر مىرزا، يەنە بىرىنىڭ ئېتى قۇلنەزەر مىرزا ئىدى. خاننەزەر مىرزا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە جاسارەت جەھەتتە ئۆزىنى مىرزا ئابابەكرى بىلەن تەڭ تۇتاتتى. بەلكى ئەمىر سەيىد ئەلىگە تاقابىل كەلگۈدەك چاغلايتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىپ قەشقەرگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. دېمەك ئۆزىنى مىرزا ئابابەكرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قوياتتى. شۇڭا مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن خوتەننى قولغا ئېلىش ئۈچۈن رۇخسەت تىلىدى ۋە ئەرز قىلىپ: «خاننەزەر مىرزىلار ۋە قۇلنەزەر مىرزىلارنىڭ ئىتائەتكارلىقى ئۇلارنىڭ ئەجدادىدىن بۇيانقى قائىدە ئىدى. ئۇلار ئەدەپتىن تاشقىرى چىقتى. ئەگەر رۇخسەت بولسا، مەن بېرىپ ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرغايمەن» دېدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ ئۇلاردىن كۆڭلى رەنجىپ تۇرغان بولغاچقا، مىرزا ئابابەكرىگە رۇخسەت بېرىپ، خوتەنگە بېرىشنى تەرغىب قىلدى. شۇڭا مىرزا ئابابەكرى ئەركىن - ئازادە ھالدا خوتەننى ئىشغال قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلدى. خاننەزەر مىرزا تۆمۈردىن بىر ھاسا ياساتقانىدى. ھېچكىشى ئۇ ھاسىنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرەلمەيتتى. ئەمما خاننەزەر مىرزا بىر قولىدا كۆتۈرەتتى. ئەگەر ئۇ ھاسا بىلەن ئات، كالىنى ئۇرسا شۇ ھامان يىقىلاتتى. خاننەزەر مىرزىنىڭ كىچىك ئىنىسى قۇلنەزەر مىرزىمۇ ناھايىتى مۇلايىم ۋە جەسۇر يىگىت ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ سەلتەنەت قۇرۇشقا تەييارلىقى بار ئىدى.

## مىرزا ئابابەكرىنىڭ خوتەننى ئالغانلىقى ۋە خوتەن مىرزىلىرىنى نابۇت قىلغانلىقى

مىرزا ئابابەكرى خوتەننى ئىشغال قىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۆمەر مىرزا ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى. لېكىن ئاكىسى مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەملىكەت ئىشلىرىدىكى چارە - تەدبىرلىرىنى ياقتۇرمايتتى ۋە ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك پىكىرلىرىنى قىلاتتى. مىرزا ئابابەكرى ئۆمەر مىرزىنىڭ بۇ مەقسىتىنى سېزىپ، ئۇنى تۇتۇپ، جاھاننى كۆرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە مىل تارتىپ كور قىلدى. ئاندىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. قەشقەر ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر مىرزا سەمەرقەندكە كەتتى ۋە ئۇ يەردە ھۆرمەت - ئېھتىراملارنى كۆردى. تاكى تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە بىرىنچى يىل① بولغاندا قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ۋاپات بولدى ۋە ئەمىر سەيىد ئەلىنىڭ مەقبەرەسىدە دەپنە قىلىندى.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىدىن خاتىرىنى جەم قىلغاندىن كېيىن خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. بىرىنچى قېتىم خوتەنگە بېرىپ سۈلھى قىلىپ ياندى. ئىككىنچى نۆۋەت يەنە بېرىپ، بۇ قېتىممۇ سۈلھىگە قارار قىلىشتى. مىرزا ئابابەكرى بىلەن خاننەزەر مىرزا ھەر ئىككىلىسى

---

① ھىجرىيە 921 - يىلى مىلادىيە 1515 - 1516 - يىللارنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاتلىق ھالەتتە كۆرۈشتى ۋە سۇلھى ـ سالاھ سۆزلىرىنى ئارىغا سېلىشتى. ئاندىن كېيىن سۇلھىلىرىنى كەلامۇللا بىلەن قەسەم قىلىپ مۇستەھكەملەشنى قارار قىلىشتى.

مىرزا ئابابەكرى خاس مۇلازىملىرىدىن بىرىگە كەلامۇللانى بېرىپ: «خاننەزەر مىرزىنىڭ ئالدىغا كەلامۇللانى ئېلىپ بارغاندا، خاننەزەر مىرزا كەلامۇللانى ئېلىشقا قولىنى ئۇزاتقان ھامان ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىڭلار» دەپ مەخسۇس تاپشۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى كەلامۇللانى خاننەزەر مىرزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خاننەزەر مىرزا كەلامۇللانى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇشى بىلەنلا، ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەممە مۇلازىملىرى بۇ مەسلىھەتنى قارار قىلىشىپ، تەق بولۇپ تۇرۇشقانىدى. خاننەزەر مىرزا بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر ئىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇلازىملىرى ھەر تەرەپتىن شەمشەرلىرىنى چىقاردى. خاننەزەر مىرزىنىڭ مۇلازىملىرىدىن ھېچبىرىدە ئۇلارغا چېقىلغۇچىلىك ماجال قالمىدى. ھەممىسى قاچتى. يەنە بىر نەچچە كىشىنى قۇلنەزەر مىرزىنى تۇتۇشقا بەلگىلەپ ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ قولنەزەر مىرزىغا ھۇجۇم قىلدى. دېمەك، ھەر ئىككىلىسى شەمشەر بىلەن چېپىپ قەتلى قىلىندى. مىرزا ئابابەكرى مۇشۇنداق ھىيلە بىلەن بۇ ئىككى مىرزىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەن ۋىلايىتىدىن قۇرۇتۇپ، خوتەننى ئۆز قولىغا ئالدى. ئاندىن تولۇق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. مىرزا ئابابەكرى خاننەزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، پات پۇرسەت ئىچىدىلا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قارشى چىقتى.

## مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئۆز ئەمىرلىرىنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ خاراب قىلغانلىقى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سانىسىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان سانىسىز مىرزىنىڭ خوتۇنى جامال ئاغىچىنى نىكاھىغا ئالدى. قەشقەرنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بەردى. بۇ ۋەقەلەر تارىخنىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلىدا بولۇپ ئۆتتى. دوستمۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۇمەر مىرزىنىڭ ئانىسى جامال ئاغىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالدى ۋە جامال ئاغىدىن ئىككى ئوغۇل يۈزى كۆردى. بىرى پەقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەد ھۈسەين كۆرەگان (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي)، يەنە بىرى تاغام سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئىدى. ئابابەكرى مىرزا خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تازا كۈچەيدى. ھەممە ئەمىرلەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشلىرى توغرىلىق ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەرز قىلىپ: «مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشلىرى باشتىن ئاخىر مۇخالىپەتچىلىك ۋە قارشىلىشىش بولغۇسىدۇر. ئۇنىڭ ھېچ ئىشتا ھېچ كىشى بىلەن ئىتتىپاقى يوقتۇر. ئۇ ئالدى بىلەن يالغان يارلىقنامە ياساپ، يەكەننى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئاندىن نالايىق ئۆزرىلەرنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئۇمەر مىرزىنىڭ كۆزىنى كور قىلدى. خاننەزەر مىرزا ۋە قۇلنەزەر مىرزىلارغا ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. بۇنداق كىشىدىن قاندۇقمۇ ۋاپادارلىقنى كۆزلىگىلى بولسۇن. ئۇ ھەمىشە قەشقەرنى ئىشغال قىلىش ئارزۇسىدىدۇر. ئۇنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقى ۋە نىيىتى شۇكى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بىر لوقما تائامغا ئايلاندۇرماقچى» دەپ، بۇ توغرىدا نۇرغۇن سۆزلەرنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بايان قىلىشتى. لېكىن، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تاغىلىق مېھىر ـ

شەپقەتسىنىڭ تەققەززاسى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدىكى پىكرىنى سەل چاغلاۋاتاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئايالى بولغان جەمال ئاغىچا ئەمىرلەرگە قارمۇ قارشى ھالدا پىكىر بايان قىلاتتى. ئۇ: «مىرزا ئابابەكرى سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزدۇر، يەكەندە ئەلۋەتتە سىزنىڭ تەرىپىڭىزدىن بىر كىشى ھاكىمىيەتتە ئولتۇرۇشى مۇقەررەر. يەكەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاتىسىنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇ يەردە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئولتۇرۇشقا باشقىلارغا قارىغاندا مىرزا ئابابەكرى تېخىمۇ بەك ھەقلىق ئىدى. سىز يەكەننى مىرزا ئابابەكرىگە بەرمىدىڭىز. لېكىن ئۇ سىزنىڭ كەچۈرمىلىكىڭىزگە ئىشەنچ قىلىپ، باشتۇتلۇق بىلەن يەكەننى سىزگە ۋاكالىتەن قولغا ئېلىپ، ئاندىن سىزگە ئىتائەت قىلىشنى لايىق كۆردى. بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئەمىرلەر ئۇنى سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە يامان قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. خوتەنمۇ خاننەزەر مىرزىلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا مىرزا ئابابەكرى باشقۇرسا نېمە زىيىنى بار؟» دەپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىنى ئەنە شۇنداق توغرا، ھەققانىي قىلىپ بايان قىلاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بۇنىڭدىن تەسەللى ھاسىل بولاتتى.

ئاخىر مىرزا ئابابەكرى ئاشكارە قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. جەمال ئاغا يەنە ئەرز قىلىپ: «ئەمىرلەر ھەمىشە مىرزا ئابابەكرىنى سىزگە يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىرىشىۋاتىدۇ. مىرزا ئابابەكرى شۇ سەۋەبتىن مۇخالىپلىق قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن مىرزا ئابابەكرىگە مەخپىي ھالدا كىشى ئەۋەتىپ: «نېمىشقا مۇخالىپلىق قىلىسىز؟ مەن سىز ئۈچۈن مۇنداق ئۆزرە ئېيتىپ تۇرىۋاتىمەن» دېدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەقسىتىگە بۇ سۆز مۇۋاپىق كەلدى. شۇڭا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ: «تاكى ئاشۇ ئەمىرلەرلا بولىدىكەن مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە بارالمايمەن. چۈنكى ئەمىرلەر ماڭا دۈشمەندۇر. ئۇلار ھەمىشە مېنىڭ ئەھۋالىمنى سىزگە قەبىھلەشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئەمىرلەرنى ھەيدەپ چىقارسىڭىز، مەن يەنىلا سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز، بەلكى سىزنىڭ قۇلىڭىز بولىمەن» دەپ ئەرز قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سادىدا كۆڭۈللۈك كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ يالغان ئۆزرىلىرىنى راست دەپ بىلىپ، ئەمىرلەرگە ئىجازەت بەردى. شۇنداق قىلىپ مۆتىۋەر ئەمىرلەرنى چىقىرىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ سەلتەنەت قۇۋۋىتىگە شىكەستە يەتتى. ئاندىن مىرزا ئابابەكرى قەشقەر ۋە يېڭىسار چېگرىلىرىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى مۆتىۋەر ئەمىرلەر يوق ئىدى. ئۇ ناھىيە ئەتراپلىرىدا مىرزا ئابابەكرىنى يوقاتقۇدەك كىشى قالمىغانىدى.

## يۇنۇسخاننىڭ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن بىللە مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، يېڭىلىپ قالغانلىقىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس شەيخ جەمالنى ئۆلتۈرۈپ خاننى قاماقتىن قۇتۇلدۇردى. شۇڭا خان ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى ۋە كۆرەگانلىققا نامزات قىلىپ، پۈتكۈل دوغلات تۇمەنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس بۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىدە ناھايىتى بەك كىبىر ۋە غورۇر پەيدا قىلدى. شۇڭا خانغا بىر مۇئامىلە قىلغان ئىدىكى، ئۇ مۇئامىلىسىدىن ئۆزگىمۇ ۋەھىمە ۋە چۆچۈش پەيدا بولدى. ئۇ مۇئامىلىسىنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر. دېمەك ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ غالىب كېلىپ، خاننىڭ ھۇزۇرىدىن قېچىپ قەشقەرگە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىرلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. ئۇ كۆپ

www.uyghurkitap.com

پۇشايماندا ئىدى. شۇڭا ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئۆز تەربىيىسى ئاستىغا ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ قىزى ئاغا سۇلتان بېگىمنى ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن ئۇنى مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ئەۋەتتى. ئۇمۇ مىرزا ئابابەكرى بىلەن دۇشمەنلىشىشكە بېلىنى مەھكەم باغلىدى.

ئەلقىسسە، مىرزا ئابابەكرى يەنە بىر قېتىم يېڭىسارنى پاراكەندە قىلىشقا كەلدى. ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسمۇ كېلىپ مىرزا ئابابەكرى بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن، يۈزمۇ يۈز بولۇپ جەڭ قىلىشتى. قاتتىق تاقابىل تۇرۇپ ئۇرغۇن جەڭگى - جىدەللەردىن كېيىن، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا شىكەستە يەتتى. گەرچە ئۇنىڭ لەشكىرى مىرزا ئابابەكرىنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ يېڭىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. شۇ سەۋەبتىن ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس خىجالەت بولۇپ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا بارالمىدى. شۇ يەردىن ئۇدۇل ئۆزىنى شاھناز تەرەپكە ئېلىپ، بەدەخشان يولىغا چۈشتى. ئۈچ يۈز كىشى بىلەن مىرزا سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا كۆپ ئىززەت - ئىكراملارنى قىلدى ۋە قۇندۇز ھەم بەدەخشاننىڭ چوڭ ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولغان خاست ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس ئۇ ۋىلايەتتە كۇتۇر كۇپپارلىرىنىڭ قولىدا شېھىت بولدى.

دېمەك، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس بەدەخشانغا كەتكەندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ھۇزۇرىدىن چوڭ - چوڭ ئەمىر ۋە سەردارلارنى ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنى ھەيدەپ چىقارغۇزغانىدى. ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا شىكەستە يەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئىشلىرىدا كۈندىن كۈنگە ئىلگىرىلەش قالمىدى. جەمال ئاغىچىمۇ قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پىيادە ۋە ئاتلىقلاردىن بولۇپ ئوتتۇز مىڭغا يېقىن كىشىنى تەييارلاپ مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئابابەكرى ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ قارشى سەپ تۈزدى. قاتتىق جەڭ قىلىشتى. ئاخىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەرەپ يېڭىلىشكە باشلىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يېڭىلگەن ۋە پاراكەندە ھالدا قەشقەرگە يېنىپ كەلدى ۋە بۇ ئەھۋالنى بۇزرۇكۋار تاغىسى يۇنۇسخانغا ئەرز قىلىپ مەدەت تىلىدى. خان ئون بەش مىڭ كىشىنى ئېلىپ، تاغلىق شەپقىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزى لەشكەر باشلاپ، مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ لەشكەر تارتىپ بېرىپ خان بىلەن بىللە يەكەنگە يۈزلەندى.

مىرزا ئابابەكرى يەكەن قەلئەسىگە كىرىپ سېپىلنى قوغدىدى. خان يەكەن قەلئەسىنىڭ شەرق تەرىپىگە چۈشتى. ئەتىسى مىرزا ئابابەكرى قەلئەنىڭ سىرتىدىكى مەھەللىگە پىيادە ۋە ئاتلىقلاردىن بولۇپ، ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ۋە باھادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇلاردىن بىخەۋەر ئىدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنى يىغىپ توپلىغانىدى. مىرزا ئابابەكرى بۇ ئۈچ مىڭ جەڭگىۋار لەشكەر بىلەن خاننىڭ لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قارىماستىن خاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن خان يېڭىلىشكە باشلىدى. خان يېڭىلگەندىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ ھەر تەرەپتىن پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئاخىر بۇ قەدەر كۆپ لەشكىرى بىلەن يېڭىلىپ قاچتى. يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن: «مەن مىرزا ئابابەكرىنى سەل چاغلاپ، ئاز لەشكەر بىلەن كېلىپ قاپتىمەن. بۇ يىل سەۋر قىلىپ ئۆز ۋىلايىتىڭنى ساقلىغىن. كېلەر يىلى زور قوشۇن بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى تاماملايمەن» دېدى. خان شۇندىن كېيىن موغۇلىستانغا كەتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە قالدى.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ①

ھېرمان ۋامبېرى

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇۋاھاپ قادىر

خۇراساننىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن ئەبدۇللانىڭ ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ پارلاق باسقۇچىغا يەتتى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇزۇن مۇددەت جەڭلەردە بولۇشىغا ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدا بىر - بىرلىرى ئۈستىدىن داۋام ئەتكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىماستىن، مەملىكەت ئىچىدە ئۇنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقى يالغۇز مۇشۇ ۋاقىتلاردىلا باشلىنىدۇ. يوقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىن مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئاتىسى ئىسكەندەر خانغا تاپشۇردى. لېكىن، بۇ زات تەختتە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالالمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، گەرچە ئۇ ھىجرىيە 991 (مىلادىيە 1083) - يىلىدىلا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئارىدا بىر نەچچە ھۆكۈمدارلار كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە بىنائەن ئۆز ئىسىملىرىغا خۇتبە ئوقۇتۇش ۋە ئاقچە (پۇل) سوقتۇرۇش بىلەن، يەنى پۈتۈنلەي مۇستەقىل ھوقۇق بىلەن تەختكە ئولتۇردى.

شۇلار جۈملىسىدىن بىرى خۇسرەۋ سۇلتان بولۇپ، ھىجرىيە 975 (مىلادىيە 1567) - يىلىدا تاشكەنتلىك باباخاننىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدىكى جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىر ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن تەختكە ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى، كۆچكۈنچى سۇلتاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان سەئىد ئولتۇردى. بەش يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن بۇ زات ئالىملارنى ھىمايە قىلدى. خۇسۇسەن سەمەرقەندنىڭ ئىمارەتلىرى ۋە بۇ شەھەرنى زىننەتلەش ئىشلىرىغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ ھىجرىيە 980 (مىلادىيە 1572) - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشى جەۋانمەرد ئەلى باھادىر تەختكە ئولتۇردى. ئۇنىڭ زامانىدا ئەبدۇللاخان سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: جەۋانمەردنىڭ ئەبۇلخەير سۇلتان، مۇزەپپەر سۇلتان ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇلار بىر - بىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە سۈرەتتە دۈشمەنلىشىپ ياشايتتى. ئەبۇلخەير سۇلتان ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتتىن باباخاننى چاقىرىۋالدى. ئەبدۇللاخان بولسا مۇزەپپەر سۇلتان تەرەپتە تۇردى. ئەبۇلخەير مەغلۇپ بولدى. لېكىن ئاتىسى جەۋانمەرد ئاشۇ يېڭىلگەن ئوغلى ئەبۇخەير تەرەپتە تۇردى. ئابدۇللاخان بۇ ئىسيانىنى پۈتۈن تومۇرى بىلەن يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مويسىپىت جەۋانمەردنىڭ ئۆزىنى، ئاندىن ئوغۇللىرىنى يوقىتىشنى توغرا تاپتى. ئالدى بىلەن سەمەرقەندتە جەۋانمەرد بىلەن مۇزەپپەر تۇتۇلۇپ قەتلى قىلىندى. ئاندىن ئەبۇلخەيرمۇ شۇ خىل قىسمەتكە دۇچار قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ھىجرىيە 986 (مىلادىيە 1578) - يىلىدا ماۋەرائۇننەھردە ھۆكۈمەت ئىختىلاپلىرىغا خاتىمە بېرىلىپ،

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

www.uyghurkitap.com

ئەبدۇللا پۈتۈن تۇراننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارى سۈپىتى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە بېكىتىپ قىلدۇردى ①.

ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى بالدۇر قىلمىدى، يول قويۇش سىياسىتىگە نېمە مەجبۇر قىلدى؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش قىيىن. ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمال، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە غەلىبە قازانغان، پۈتۈن خۇراسان ۋە تەبەرستاندا دىگۇدەك ھۆكۈمەت سۈرگەن بۇ زات ئەلۋەتتە يالغۇز ئۆز باشقا قالغان كىچىككىنە سەمەرقەندنى قولغا ئالالىغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشنى قىلمىغانلىقى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئىشەنگەنلىكىدىن، شۇنداقلا تۇغقانلار ئارىسىغا ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت چۈشۈرۈشنى خالىمىغانلىقىدىن بولغان، دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشى پىرمۇھەممەد خان بىلەن بولغان مۇئامىلىسىمۇ مۇشۇنداق بولغان. پىرمۇھەممەد خان جانىبېكنىڭ ئوغلى كىستەن قارا سۇلتاندىن كېيىن، بەلخنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقلا ھىجرىيە 974 (مىلادىيە 1566) - يىلىغا قەدەر مۇستەقىل خان سۈپىتى بىلەن شۇ ئورۇندا تۇردى. ئەگەردە ئەبدۇللانىڭ ئۆز ئوغلى ئەبدۇلمۇئمىن (ئۇنىڭ پانىيلىق تەبىئىتى ۋە يامانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا بايان قىلىندى) ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەرنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئاتىسىدىن قەتئىي رەۋىشتە تەلەپ قىلمىغان بولسا، ئۇ قېرىندىشى پىرمۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى دىنمۇھەممەدنى شەرىئەت بويىچە تەخت ۋارىسى قىلىپ قالدۇرۇشقا رازى بولغان بولاتتى. ئەبدۇلمۇئمىن ھۆكۈمەت بېشىغا چىققان مەزگىلدە دىنمۇھەممەد تەرىپىدىن ئىختىلاپ سادىر بولدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەبدۇلمۇئمىن بەلخنى ئالغاندىن كېيىن، دىنمۇھەممەدنى كاتتا قوماندانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىلدى. ئەبدۇلمۇئمىننىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى ئاتىسىنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە سەۋەب بولدى. خۇسۇسەن ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئەخلاق ۋە تەبىئىتى كۆپىنچە قويۇق بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلىپ ئومۇمىي جەھەتتىن بەختلىك بولغان شەيبانىيلارنىڭ روھىيەت ئۇپۇقلىرىنى قاراڭغۇلاشتۇرماقتا ئىدى. بىردىن بىر ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبدۇللاخان ئۇنى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى شۆھرەتپەرەس ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تەخت ۋارىسى سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا يالغۇز تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغىلا خاس بولغان «خان» ② ئۇنۋانىنى بېرىشنى مۇۋاپىق تاپقانىدى.

ئاتىسىنى ئۇلۇغ خان، ئوغلىنى بولسا كىچىك خان دېيىشەتتى. لېكىن، ئەبدۇلمۇئمىن بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەيتتى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى يىللىرىدا بىر توپ چاپقۇن ۋە بۇلاڭچى ئاتلىقلار گۇرۇھى بىلەن بىز ئۇنىڭ تاغلىق يەرلەردە ۋە سەھرالاردا، شىمالدا، جەنۇبتا ۋە غەربلەردە كېزىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ دائىملىق جەڭلەر ئاتىسىنىڭ خۇراساندىكى سىياسىتىگە ياخشى خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەبدۇللا ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوغلىنىڭ قەھرىمانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىدە ئىپتىخارلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىق ھېس قىلاتتى.

لېكىن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەبدۇلمۇئمىن ئۆزىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەستخۇش بولدى ۋە ئاتىسى بىلەن رىقابەت يولىغا كىرىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئۆچمەس ئۆچۈق دۈشمەن بولدى.

بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىنچىسى: ئەبدۇلمۇئمىننىڭ شەيبانىيلار مەملىكىتىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى بولدى. شۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ ئاتىسىنىڭ سادىق خىزمەتكارى،

ھەربىي جەھەتتىكى ئارقا تىرىكى، قورال كۈچى بىلەن ئۇنىڭ زورىيىشىغا كۆپ ياردەملەرنى قىلغۇچى قۇلبابا كوكەلتاشنى ھىراتتىن يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبدۇللاخان بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبدۇلمۇئمىن خارەزىم شاھزادىسى نۇرمۇھەممەدخان[3] نى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز بايرىقى ئاستىغا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىقلارنى توپلاپ قۇلبابا كوكەلتاشقا قارشى ھەرىكەت قىلدى. قۇلبابا ئەبدۇللاخاندىن بۇ ئاسىي شاھزادىگە بولغان ھەر تۈرلۈك ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر ئاسىي دۈشمەنگە قانداق قارشى تۇرۇش لازىم بولسا، شۇنداق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. ئاسىي ئوغلىنىڭ ئۆز ئاتىسىغا قارشى ئوچۇقتىن ئوچۇق دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلىشى ئۈچۈن مۇشۇ ئەھۋال يېتەرلىك بولۇپ قالدى.

ھىجرىيە 1004 (مىلادىيە 1595) ـ يىلىدا ئەبدۇللاخان ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدە ئوۋچىلىق تاماشاسىغا بېرىلگەن بىر ۋاقىتتا، ئەبدۇلمۇئمىن خىزمىتىدىكى خادىملاردىن شاھ مۇھەممەد كېلىپ، ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ دۈشمەنلىك قەستى بىلەن ئەسكەر باشلاپ، بۇ تەرەپكە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەبدۇللا غەزەپ ۋە دەھشەتتىن ئالدىراپ قالدى ۋە دەرھال بۇخاراغا كەتتى. لېكىن، ئېھتىمال ئەبدۇللا ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن پۇشايمان قىلغان بولسا كېرەك، يەنە دەررۇ بەلخكە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كېيىنچە بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ قانلىق جەڭلەرگە بېرىپ يەتتى. ئۆزىنىڭ تۇزكور ئوغلى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن ئۇلۇغ شەيبانىي ھۆكۈمدارى ئەبدۇللا ئاخىر مۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق پىكىرگە كەلدى: ئالدى بىلەن مەملىكەتنىڭ شىمالىدا ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك جەڭلىرىدىن ھېچ نەتىجە ھاسىل بولمىغان. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي سەركەردىلىرىدىن بىرىنىڭ كۈچلۈك بىر قالماق پىرقىسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ ۋە ۋەيران قىلىنغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىككىنچىدىن، كۆپىنچە مەغلۇپ قىلىنغان دۈشمەن ــــ ئىرانلىقلار بولسا ئۇنىڭ غەربتىكى مۇۋەپپەقىيەت مېۋىلىرىنى تىزلىكتە يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن.

خارەزىم خانلىرى بىلەن ئىران ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق بارلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. بۇ بولسا شەيبانىيلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىش سىياسەتلىرىنىڭ بىر تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. چۈنكى، گەرچە ھەر ئىككى مەملىكەتتە ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزبېكلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى كىچىك بىر پارچە زېمىن بۇيۇك، كۈچلۈك ۋە نوپۇزلۇق بۇخارا تەرىپىدىن ناھايىتى تېز ـ تېز ۋە قاتتىق ھۇجۇملارغا دۇچار بولاتتى. شەيبانىي خانلىرى پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىگە بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشاتتى ۋە قوللىرىدىن كېلىشچە بىر ـ بىرلەپ ھازارەسىپ، خىۋەق (ھازىرقى خىۋا)، كەت، ۋەزىر، ئۆرگەنچ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ئۆزلىرى ئاشۇ يەرلەردە بولغان مۇددەتلەرگە قەدەر داۋام قىلدى. ئاخىر ئەبدۇللاخاننىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى جەبىر ـ زۇلۇملىرى بۇ يەردىكى ھاكىم ھاشىمخاننى شاھ ئابباسنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشقا مەجبۇر قىلغاندا بۇخارانىڭ خۇراساندىكى ھاكىمىيىتى تېزلىك بىلەن يوقىلىشقا يۈزلەندى. چۈنكــــى، شاھ ئابباس خارەزمنىڭ تۈركمەن تەۋەلىرىدىن ئۆزى ئۈچۈن شۇ قەدەر كۈچلۈك بىر ياردەمچى قوشۇن تەشكىل قىلدىكى، ئۇلار ماۋەرائۇننەھر ئۆزبېكلىرىگە پۈتۈنلەي تاقابىل تۇردى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سايىسىدە ئەبدۇللاخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىلا، يەنى ھىجرىيە 1004 (مىلادىيە 1595) ـ يىلىدا شاھ ئاببا‌س خۇراساننىڭ مەشھەد، مەرۋ، ھىراتتىن باشقا يەرلىرىنى دېيەرلىك ھالدا ئىشغال قىلدى.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، پىلانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى، ئىككىنچىدىن، تۇزكور تۇغلىرى تەرىپىدىن كەلگەن ھاقارەتلەرنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئەبدۇللاخان ئېغىر ھالدا ۋىجدان ئازابىغا دۇچار بولۇپ، مالىخولىيا (سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىك) بولۇش دەرىجىسىگە يەتتى. ئۇ بەزىدە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمدار ئورۇن باسارى بەزىدە مۇستەقىل ھۆكۈمدارى سۈپىتى بىلەن قىرىق يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمەت تۇتقاندىن كېيىن، ئاز مۇددەت ئاغرىپ، ھىجرىيە 1006 ـ يىلى رەجەپ ئايىنىڭ ئىككىنچى كۈنى (مىلادىيە 1597 ـ يىل 6 ـ فېۋرال) دە 66 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزۈن ۋاقىتقىچە شۇنداق بىر ئىسمنى قالدۇردىكى، ھازىرغا قەدەر ھەربىر بۇخارالىقنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئىسمى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامانىنىڭ ئىرانلىقلىرى: ئالىي كارۋان سارايلىــــرى، كۆۋرۈكلەر، سۇ ئىنشائاتلىرى، تاغ ئارىلىرىدا سۇنئىي ئىشلەنگەن يوللار ۋە باشقا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سېلىنغان بىنالارغا ئوخشاش، قەدىمدىن قالغان ياكى قىسمەن خارابى ھالەتتە كەلگەن ھەرقانداق ئىمارەت بولسا ئۇنى بۈيۈك شاھ ئابباس ئەسىرى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ھازىرقى زامان بۇخارالىقلىرىنىڭ نەزەرىدە قەدىمىي ئەسىرلەردىن قالغان ھــەرقــانداق ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە ئىمارەتلەر بولسا ئۇنى ئەبدۇللاخاننىڭ نەپىس ئاسارە ـ ئەتىقىلەرگە بولغان مۇھەببىتى ۋە مەردانىلىقى سايىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىشىدۇ ۋە مۇنداق رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلىشىدۇ: بىر ۋاقىت مەملىكەتنىڭ بىناكار ئۇستازىدىن ئەبدۇللاخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئىشلەنگەن بىنالارنىڭ سانى نەچچىگە بارغانلىقىنى سورىغان. بىناكار ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئۆزى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن مەدرىسە، مەسچىت، ھاممام، شىپاخانا، كارۋان ساراي، سۇ ئامبارلىرى، كۆۋرۈك قاتارلىق بىنالارنىڭ سانى بىر مىڭ بىرگە يەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇ ۋاقىت ئەبدۇللاخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى تېخى يېرىملاشقان مەزگىلى ئىدى.

ھەر ھالدا شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىكتۇركى، ئەبدۇللاخان ئۆزىنىڭ ھەر ۋاقىت داۋام قىلغان جەڭلىرى ئارىسىدا مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ۋاقىت تاپقان. چۈنكى، بۇخارالىق ۋە سەمەرقەندلىكلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ شاھانە پەزىلەتلىرىگە نىسبەتەن بېرىلگەن نەرسىلەر ھەر قانچە مۇبالىغىلىق بولسا بولسۇن، تىجارەت، زىرائەت ۋە مائارىپنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن كۈچلۈك ۋە سەمىمىي تۈردە ھىمايە قىلىنغانلىقى، ئۆز خەلقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن شەيبانىيلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئەبدۇللاخاننىڭ دەرىجىسىدە جىددىي غەيرەت كۆرسەتەلمىگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر.

ئۇنىڭ ساخاۋىتى بىلەن تەسىس قىلىنغان مەدرىسەلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىن ھازىرقى كۈندىمۇ تالىبلار پايدىلىنىۋاتىدۇ. سايىۋەن دەرەخلەر، ئەلا دەرىجىدىكى يوللار بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن بۇخارادا، سەمەرقەندتە، كەرمىنە ۋە مەشھەدتە ④ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن چاھار باغلار ھازىرمۇ ئىسسىق كۈنلەردە ئەڭ ئەلا دەرىجىدىكى ئىستىراھەت قــىلــىــنىدىغان ئورۇنلاردىندۇر. بۇخارادا ئەڭ ياخشى ساقلانغان نەرسىلەرنىڭ بىرى بازارنىڭ ئەبدۇللاخان ئەمرى بىلەن ھىجرىيە 990 (مىلادىيە 1582) ـ يىلى سېلىنغان قىسمىدۇر. كېيىن كەرمىنەدە زەرەپشان دەرياسىغا سېلىنغان تۆت مۇنارلىق كۆۋرۈكمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان بىنالارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى كۈندىمۇ دەريانىڭ بىر تەرىپىدىن ئىككىنچى بىر تەرىپىگە ئۆتۈش ئۈچۈن بىردىن بىر ۋاستە دېسە ئەرزىگۈدەك دەرىجىدىكى ئىمارەتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن سېلىنغان باشقا كۆۋرۈكلەردىن قىسمەنلىرى ئىنسانلار تەرىپــىدىن، يەنە بەزىلىرى تەبىئەت تەرىپىدىن خاراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھردىكى ھەممە يوللاردا تاشباغانلار بولغان. مەنقۇلاتلىرى ئەلا دەرىجىدە تۈزۈلگەن پوچتا (يام) ۋاسىتىسى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن. تىجارەت ۋە مۇناسىۋەت ئەمىنلىكى خەلق ئارىسىدا كۆپتىن بېرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پاراۋانلىققا سەۋەب بولغان ⑤. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەڭ ئۇزاق مەملىكەتلەرگە قەدەر تارقالغانلىقى ئەجەبلىنــەرلىك ئــەمــەس. ئــۇنــىڭ ھــوزۇرىــغا

چىن[6]دىن قىممەتلىك ھەدىيەلەر بىلەن ۋەكىللەر كېلىپ دوستلۇق ئىزھار ئەتتى. ئىستانبولدىن سۇلتانمۇرات III ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى ۋە قىرىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا ۋەكىللەر ئەۋەتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ھەقلىق ھالدا بۇنىڭدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەختىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئايدىڭلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرى دەپ قاراش مۇمكىن.

ۋاپات بولغان ئاتىسىنىڭ تەختىنى ئىنساپسىز ئوغلىنىڭ نەقەدەر تېزلىك بىلەن ئىشغال قىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانداق ھەرىكەتلەر بىلەن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىر ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەبدۇلمۇئمىنگە دائىر يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىز يېتەرلىك بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن زور خىزمەتلەر كۆرسەتكەن ھەم ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ھەر ئادەمنىڭ نەزەرىدە مۆھتەرەم ۋە مۆتىۋەر بولغان قۇلبابا كۆكەلتاشقا قارشى ئىنتىقام يۈرۈشى بولدى. ئەبدۇلمۇئمىن ئۇنى ھىراتتا تۇتتۇرۇپ، بويىنىغا ئىككى قات زەنجىر باغلاتتى ۋە ئاياغلىرىنىمۇ زەنجىرلىتىپ، يالاڭئاياق ھالدا ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كەلتۈردى. ئۇ شۇ يوسۇندا بۇخاراغا كىردى. كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تەبرىكلەشتى. بۇ يەردىمۇ سەمەرقەندتىكىدەك ئاتىسىنىڭ خەزىنىلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، قايسى يەرلەردە ئاتىسىنىڭ سادىق مەمۇرلىرى بار بولسا ساداقەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا جازا بېرىش مەقسىتىدە، شەخسەن ئۆزى شۇ يەرلەرگە كەتتى. شۇنداق جازالارنى ئۇ ئۆرەتۆپەدە، خوجەنتتە ۋە تاشكەنتتە بەردى. بۇ يەردە ئىختىيار ۋە كۆكەلتاش ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە يوقىتىلدى.

بىر نەچچە يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت ئورۇن باسارى بولۇپ تۇرغان نەۋرە تۇغقىنى ئۆزبېك خان[7] نى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ بۇ يەردىن ئەندىجان ۋە ئاخسىغا كەتتى. ئۆزبېك خان ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن مۇھاسىرىنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدىلا ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەقسىتىگە يەتكەن ئەبدۇلمۇئمىن يەنە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانلىق مەقسەتلىرىدىن ھېچبىرىنى يوشۇرۇن تۇتمىغانلىقتىن، گويا ئاتىسىنىڭ سادىق مەمۇرلىرى ۋە تەرەپدارلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تۈگەتمىگۈچە ئۇنىڭ تىنىم تاپمايدىغانلىقى ھەققىدە تېزدىن خەۋەر تارالدى.

بۇلار ئۆزلىرى ھەققىدىكى پالاكەتنى ئۇچۇق ھېس قىلغانلىقتىن، بۇ دىنسىز مۇستەبىتنىڭ شەيتانى پىكرى ۋە ئىشلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشنى قارار قىلىشتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغۇچىلارنىڭ بېشىدا قازاقلار نەسلىدىن قېرى ئەسكەر ئەبدۇلھەيبېك تۇردى ۋە: «بۇ يەردە سۆزلەشتىن پايدا يوق، ئىشلەش كېرەك» دەپ، ئەبدۇلمۇئمىننى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئاڭلاتتى. مەخپىي بىر مەجلىستە مەسلەكداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇق كۆكرەكلىرىگە قولىنى باستى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى پال سېلىپ كۆرسەتتى. بۇ ۋاقىت ئىيول ئايلىرى بولۇپ ئىسسىق سەۋەبىدىن ئەبدۇلمۇئمىن كېچىلىرى سەپەر قىلاتتى. سۈيىقەستچىلەر ئۇنىڭ سەمەرقەندتىن قايتىشىدا ئۆرەتۆپە بىلەن زەمىن ئارىسىدىكى تار بىر ئۆتكەلدە كۈتۈپ تۇردى. ئەسكەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر خان ئۆزىنىڭ چىراغچى ۋە مەشئەلچىلىرى بىلەن يان - يانلىرىغا ئىككى ئاتلىقتىن ئارتۇق ئادەم ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغان بىر يەرگە كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈنجى بولۇپ بىر قانچە ئوقلار ئېتىلدى. خان جانسىز جەسەت بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئۆزىگە پال چىققان ئادەم بىر پەس ئىچىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ، بېشىنى كېسىۋالدى ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان مۇشاۋۇرىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر تېزلىك

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىشلەندىكى، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر تاڭ ئاتقان پەيتتە، يەردە ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن كېيىنلا، ئاندىن خاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى مەلۇم بولدى.

يىرتقۇچ، رەھىمسىز ۋە شۇ قەدەر ئىستىبدات [8] بولغان ئەبدۇلمۇئمىن خان ئالتە ئايچە مەملىكەت ھاكىمىيىتى بېشىدا بولغاندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق يوقىتىلدى. ئەبدۇللاخاننىڭ ئۆلگەندىن باشقا ئەرلەردىن ھېچبىر ۋارىسى قالمىغانلىقتىن، ئەبدۇلمۇئمىن بىلەن تەڭلا ماۋەرائۇننەھر تەختىدە تولۇق يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن شەيبانىي سۇلالىسىمۇ مۇنقەرز بولدى.

بۇ ۋەقەنىڭ ئومۇمىي بىر تەرتىپسىزلىك پەيدا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. تامامەن ئارزۇ قىلىنغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر ئىزباسار تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز پەمىلىسىگە مەنسۇپ بارلىق ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىپ تۈگەشتۈرۈپ بولغانىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئەبدۇللاخاننىڭ خوتۇنلىرى ئىچىدە ئۆزىنى چاچلىق قىلىپ يوشۇرۇن رەۋىشتە ساقلاپ ئۆستۈرگەن ئىككىنچى ئوغلىنى ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئورنىغا تەختكە تەكلىپ قىلىنغان ۋە بىر گۇرۇھ كىشىلەر تەرىپىدىن بۇ ھۆكۈمدار قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت كۆپ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئىش ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقالمىدى.

بەزىلەر ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلىنى، بەزىلەر ئەبدۇللانىڭ يالغۇزلا ھايات قالغان ۋە ئەپيۇن بىلەن زەھەرلەنگەن قېرىنداشى قېرى پىرمۇھەممەدخاننى، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنىڭ قېيىن ئىنىسىنى تەختكە چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىشتى. ئۇلار بىر - بىرلىرى بىلەن بوغۇز - بوغۇزىغا كېلىپ جاڭجاڭلاشقان ۋە ھەممە نەرسىنى خاراب قىلغان بىر ۋاقىتتا، چېگرا ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرغۇچى دۈشمەنلەر بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئەپلىك بىر پۇرسەت بىلىپ، ئەبدۇللا تەرىپىدىن ئېلىنغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرەشلىرىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇلار ئارىسىدىن ئەڭ ئالدى بىلەن شاھ ئاباس قوزغالدى.

ئۇ ئۆز مۇنەججىمىنىڭ خەيرلىك پال بىلەن خەۋەر بەرگەنلىكىدىن جاسارەتلىنىپ ھەم ئىنتىقام ھېسسىياتى بىلەن تولغان قىرىق مىڭ ئەسكەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىدى ۋە بىرىنچى ھۇجۇمدىلا سەبزىۋار بىلەن مەشھەد شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئىككىنچى ھۇجۇمدا ھىراتنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا توپلانغان ئۆزبېكلەرنى قانلىق جەڭلەردە قەتئىي سۈرئەتتە مەغلۇپ قىلىپ ۋەيران قىلدى. شىمالدا تاشكەنتتىن قازاقلار خانى تەۋەككەل توقال سۇلتانخان [9] موغۇل، قالماق ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت كۆپ خەلق بىلەن مەملىكەت ئۈستىگە بېسىپ كىردى ۋە سەمەرقەندكە قەدەر يېتىپ كەلدى. گەرچە شەيبانىي ئائىلىسىدىن تۆت شاھزادىنى [10] ۋە شەيبانىي سۇلالىسىنىڭ كۆپ تەرەپدارىنى قەتلى قىلىپ ئۆلگۈرگەن بۇ دۈشمەننى سەمەرقەندتە قوماندانلىق قىلغۇچى ئېشىمبېكنىڭ غەيرىتى سايىسىدا توسۇش مۇمكىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەيبانىي سۇلالىسىنىڭ نەسلى يوقىتىلغانلىقى سەۋەبىدىن بۇزۇلغان تىنچلىقنى تېزلىك بىلەن يېڭىدىن ئورنىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى.

ماۋەرائۇننەھردە ھۆكۈم سۈرگەن ۋە سان ئېتىبارى بىلەن توققۇزىنچى سۇلالىنىڭ بايانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارنى شەيبانىيلار دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن بىر قەدەر تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش پايدىسىز بولمىسا كېرەك. بۇ خېلى ھاياجانلىق ئۆتكەن شەيبانىيلار دەۋرىدە شەرقىي ئىسلام دۇنياسى غەربىي ئىسلام دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ھازىرقى كۈندە ئىراننىڭ شەرق چېگرىسىدىن تاكى چىنگە قەدەر بولغان ئىسلام دۇنياسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئەلۋەتتە، شەيبانىيلار ۋاقتىدا تېمۇرىيلار دەۋرىدىكىدەك مەنا بىلەن مەدەنىيەت ھەققىدە

سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس.

سېھىرلىك (مۆجىزىلىك) تاش [11] نىڭ كۈچى بىلەن تەبىئەتنى يېڭىشنى، كېسەللەرنى ساقايتىشنى، ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشنى تىلىگۈچى بۇ قاتتىق ۋە يامان جەڭگىۋارلار ئەڭ بۈيۈك ئەھمىيەتنى دىنغا ۋە ئۇنىڭ نامايەندىلىرىگە بېرەتتى. موغۇللار تەرىپىدىن مەملىكەتلەر ئىشغال قىلىنغان ۋاقىتتا سىرتىدىن قارىغاندا ۋەيرانە قىياپەتلىك بەزىبىر مەشھۇر موللىلار مەملىكەتنىڭ ھەقىقىي ھاكىمى بولغانلىرى ۋە ناھايىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك سۆزلىرى بىلەن بىرقانچە مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ نالايىق ھەرىكەتلىرىگە توسالغۇ بولغىنىغا ئوخشاش، بەزىبىر ئىستىسنالار بىلەن بۇ ھالەت شەيبانىيلار ۋاقتىدىمۇ ئەينەن تەكرارلاندى. بۇ ئىلىم ئادەملىرىگە (موللىلارغا) ئاۋام كۆرسەتكەن ئىتائەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىغا يېقىش ئۈچۈن، خانلار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ خۇراپاتلىققا ئىشەنگەنلىكىدىن بولدىمۇ ياكى بولمىسا موللىلارنىڭ ئاۋام خەلق ئىچىدىكى تەسىرىدىن قورققانلىقىدىن بولدىمۇ، بۇ نامەلۇم. لېكىن ھەر ھالدا بۇلارنىڭ دىنغا ۋە دىن نامايەندىلىرىگە بولغان ئېتىبارلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، ھەتتا بۇ سۇلالىنىڭ ئەڭ شەۋكەتلىك خانلىرىدىن بەزىلىرى موللىلار ئالدىدا ئىنتايىن ئىتائەتلىك بىر ۋەزىيەتتە تۇرۇشتىنمۇ ئۇيالمىدى.

خۇسۇسەن بۇلار ئارىسىدا ئىككى زات غايەت مۆتىۋەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋاقىتلىرىدىلا كارامەتلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئۇلاردىن بىرى: مەخدۇم ئەزەمدۇر. ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەۋلانا خاجەكى قازانى دەپ ئاتالغان بۇ زات تېمۇرىيلار زامانىدىكى مەشھۇر خاجە ئەھرارنىڭ مۇرىدى بولۇپ، زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئەۋلىيائۇللا جۈملىسىدىن ھېسابلاندى ۋە خانلار ھوزۇرىدا شۇ قەدەر ھۆرمەت ۋە ئېتىبار قازاندىكى، ھەتتا خەۋپ ۋە دەھشەت دەرىجىسىگە يېتەتتى. بۇ زات ھىجرىيە 949 - يىلى 21 - مۇھەررەمدە (مىلادىيە 1542 - يىلىدا) سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى. قەبرى سەمەرقەندتىن بىر سائەتلىك يولدا دەھبىد دېگەن جايدا بولۇپ، ھازىرقى كۈندىمۇ غايەت مۆتىۋەر بىر زىيارەتگاھتۇر.

ئىككىنچىسى: خۇدادادنىڭ مۇرىدى قاسىم شەيخ ئەزىزان بولۇپ، بۇمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن ئەمەس بەلكى زاھىدلىقى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن مەشھۇر.

ئۇنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھېكايە يېتەرلىكتۇر: قاسىم شەيخ ئەزىزان كەرمىنەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى. سەمەرقەندلىك جاۋانمەردئەلى بىلەن ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان ئەبدۇللاخاننىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر كۈندە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىزدىگەنلىكىدىن شەيخ ئەزىزان خەۋەر تاپتى. ئۇ ھۆكۈمدارغا ئىززەت - ھۆرمىتى بولغانلىقتىن ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ مەلۇم مۇساپىدىكى سىرتىغا چىقتى ۋە تېزدىن بىرقانچە خەلق كەلگەنلىكىنى كۆردى. جامائەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا بېشى ئوچۇق بىر پىيادە ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ بوينىغا بىر يىپ باغلانغان، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى بىر ئاتلىق تۇتقانىدى. شەيخ ئەزىزان بۇ پىيادە كىشىنىڭ شۇ قەدەر مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان شەۋكەتلىك ئەبدۇللاخان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر توۋا قىلغۇچى گۇناھكار سۈپىتىدە كەلگەنلىكىنى سورىغىنىدا، ئەبدۇللاخان جاۋاب بېرىپ: «مەن رەباتى خاندىن شەيخنىڭ دەرگاھىغا قەدەر ئاشۇنداق كېلىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم» دېدى. شەيخ ئەزىزان بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى شەخسەن ئۆز قوللىرى بىلەن تۇتۇپ ئاتقا مىندۈردى ۋە شەخسەن ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى رىداسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەرمىنىگە قەدەر بىرگە باردى. ئەلۋەتتە، ئەبدۇللاخان شەيخكە بۇ قەدەر ئىتائەت ۋە ھۆرمەت ئىزھار قىلىپ ئۆزىنىڭ سەمەرقەند

www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى مەقسىتى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىشنى ئىزدىگەندى ھەم ئۇ شۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى. شۇندىن ئۈچ يىل كېيىن، يەنى ھىجرىيە 989 (مىلادىيە 1581) ـ يىلىدا قاسىم شەيخ ئەزىزان ۋاپات بولدى. ئەھۋال شۇ ھالەتتە بولغاندىن كېيىن، شەيبانىيلار دەۋرىدە تەبىئىي ھالدا ئىلاھىي ئىلىملەر راۋاج تاپتى. بۇ ساھەدە شۆھرەت قازانغان كىشىلەرنىڭ يەنە بىرى ئەرەب شاھ ئوغلى مەۋلانا ئەسامىددىن بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا دەۋرىدە ھىراتتا ياشىدى. كېيىن بۇخاراغا كېلىپ، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ مەخسۇس ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن تونۇلغان بۇ خاننىڭ شېئىرغا مەيلى بار ئىدى. ئۆزىمۇ بىر نەچچە شېئىرلارنى يېزىپ كۆردى. بىر چاغدا تۆت مىسرالىق ئەرەبچە بىر شېئىرنىڭ قانداق مەناغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇبەيدۇللاخان ئەسامىددىندىن ئىزاھات سورىغان. سەيىد راقىمنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەسامىددىن چۈشىنىلمەي تۇرغان ئۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسراسى ھەققىدە بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئالتە يۈز ئەللىك ئالتە تۈرلۈك ئىزاھ بەرگەن. ئەسامىددىن ھىجرىيە 943 (مىلادىيە 1536) ـ يىلى سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى: «‹تەپسىرى قازى› شەرھى»، «‹شەرھى جامى› نىڭ ھاشىيەسى» دۇر.

ئىككىنچىسى، سەمەرقەندلىك مۇھەششا مەۋلانا سادىق بولۇپ بۇ زات ئىككى نۆۋەت ھەجگە بارغان. دىنىي كىتابلارغا ناھايىتى كۆپ ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك شەرھلەر ۋە مەنىسى يوشۇرۇن بولغان شېئىرىي ئەسەرلەرگە شەرھ ۋە ھاشىيەلەر يازغان. ئۇ قىبرىغاندا ھېكىم شاھ ھۇزۇرىدا، كابۇلدا تۇردى ۋە ھىجرىيە 1006 (مىلادىيە 1597) ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولدى.

ھىجرىيە 973 (مىلادىيە 1565) ـ يىلى ۋاپات بولغان دىنىي ئالىم موللا زىيائىددىن بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ شاگىرتى خاجە جەلال جۇيبارمۇ بۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئادەملىرىدىن ئىدى. كېيىنكى كىشى يالغۇز زاھىدلا ئەمەس، بەلكى تەپسىرشۇناس ۋە دىنىي ئالىم ئىدى.

بۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرى قاتارىدا يالغۇز تۈركلەرنىلا ساناش مۇمكىندۇر. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئەڭ مەقبۇل تىل تۈركىي تىل ئىدى. بۇلار ئارىسىدا خېلى تونۇلغانلاردىن بىرى ئۆزبېك شاھزادىسى مۇھەممەد سالىھدۇر. ئۇنىڭ ئاتىسى تېمۇرىيلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خارەزم ھاكىمىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن تاشكەنتتە شەيبانىيلارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەندى. رىۋايەت تەرىقىسىدە ئىنتايىن گۈزەل بايان قىلىنغان مەشھۇر ئەسەر «شەيبانىينامە» ئاشۇ مۇھەممەد سالىھنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرى بىلەن ئۆزىنى نەۋائىدىنمۇ ئۈستۈن تۇتىدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ باشقا شائىرلىرىدىن (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شائىر ئەمەس، بەلكى قاپىيەچى ۋە ناخشا ـ قوشاق تۈزگۈچىلەر ئىدى) تارىخ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ: ئەمىر ئەلى كاتىپ، موللا مىر ئەكە. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى شەيبانىيلارنىڭ ساراي خىزمەتچىسى ئىدى. موللا مۇشفىقى — بۇ زات ئەبدۇللاخاننىڭ كۆپ بىنالىرىغا تارىخ قوشاقلىرىنى يېزىپ تۇردى ھەم بىر نەچچە غەزەللەر، قەسىدىلەر، قىسقا ھەجۋىلەر يازدى. ئۇ ھىجرىيە 994 (مىلادىيە 1585 ـ 1586) ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۆز نۆۋىتىدە قازى پايەندە ئايرىم بىر سۆز ئۇستازى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى قۇلبابا كوكەلتاش ھەققىدە يېزىلغان ئون سەككىز قىتئەلىك مەنقەبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە بىر دانىمۇ چېكىتلىك ھەرپ كىرگۈزۈلمىگەن. مەسىلەن، ياۋروپا تىللىرىدىن خالىسا قايسىسىدىن بولسۇن، ب، ز، ي، ق، ن، پ، ت، ف، خ، چ، ش [12] ھەرپلىرىنى كىرگۈزمەستىن شېئىر يېزىشقا ئوخشايدۇ.

ئاخىردا، ئۇبەيدۇللا زامانىنىڭ شائىرى شىرىن خاجە بىلەن ئەبدۇللاخان سارىيىنىڭ قابىل ناخشىچىسى ۋە نەغمىچىسى خەيرى ھاپىزنى ئەسكە ئېلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇ

كېيىنكىسى ھىجرىيە 981 (مىلادىيە 1573) ـ يىلىدا ۋاپات بولدى.

ئەبدۇللاخاننىڭ ئومۇمىي خەلققە مەنپەئەتلىك خىزمەتلىرىدىن بىر قانچە بىنا ۋە ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلاردا ئۇنىڭ دىن ۋە تەسەۋۋۇپ مەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەسچىت ۋە مەدرىسە، ئىستىراھەتخانا، كۇتۇبخانا، زىيارەتگاھ دېگەندەك ئىمارەتلەر شەيبانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىنالاردۇر. بۇ بىنالار ئارىسىدا مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. ئەلەيك كوكەلتاش ۋەزىرىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىجرىيە 974 (مىلادىيە 1567) ـ يىلى سەمەرقەندتە سېلىنغان بىر مەسچىت بولۇپ، بۇ يەردە كۆچكۈنچى خان تەرىپىدىن ئاق مەرمەردىن قويۇلغان بىر مۇنبەر بار. ئەبدۇللاخان تەرىپىدىن سېلىنىپ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن بىر مەدرىسە، بۇنىڭ بۈيۈك چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە پىششىق خىشلاردىن كىرىشتۈرۈپ ھاسىل قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى بار. ئۇنىڭ ھەرپلىرى ئىككى فوتتىن ئارتۇق چوڭلۇقتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خېلى يىراق ئارىلىقتىنمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ. سابىق ئىرانلىقلارنىڭ قوللىرىغا سالدۇرۇلغان مەسجىدى مەئاك، بۇخارادىن بىر مىل يىراقلىقتا خوجا بەھائىددىننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئەبدۇل ئەزىزخان تەرىپىدىن سېلىنغان زىيارەتگاھ، ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن سەمەرقەندتە سېلىنغان مەدرىسە ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈيۈك دارىلئۇلۇملىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بۇخارادىكى مىر ئەرەب مەدرىسىسى قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋرگە ئائىت بىنالاردىندۇر.

تۇران نەسلىدىن بولغان ئىككىنچى بىر ھۆكۈمدارنىڭ، يەنى ھىندىستاندىكى تېمۇرىيلاردىن بولغان ئەكبەر شاھنىڭ تەرەققىيات، ماددىي بايلىقلىرى، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن خىرىستىئان تەلىماتىغا ۋە بىراھمانىزمغا ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ ھىند ۋە گانگ [13] دەريالىرى بويىدا ئەللىك يىللاپ ئۇلۇغ شەۋكەت ۋە بۈيۈكلۈك ئۈستىدە مەملىكەت سورىغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا شەيبانىيلار دەۋرىنىڭ نەقەدەر سۇنۇق ۋە روھسىز بولغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

## ئىزاھاتلار

① بۇ ۋاقىتلاردا ئەبدۇللانىڭ يالغۇز بىر رەقىبى بولۇپ ئۇ بولسىمۇ ئەبدۇللەتىپنىڭ ئوغلى ئەبدۇل سۇلتان ئىدى. ئۆز ئورنىدا ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەن بۇ زات جەڭدە ئەبدۇللا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، تاغلىق ھىسار ئۆلكىسىگە قاچتى ۋە ھىجرىيە 988 (مىلادىيە 1580) ـ يىلى تۇتۇلۇپ يوقىتىلغانغا قەدەر تىنجىمىدى.

② مەخسۇس «تۈرك ھۆكۈمدارلىرى» دېيىمىز. چۈنكى «خان» سۆزى ئىراندا بۈيۈك مەمۇرلارغا تەئەللۇق نامدۇر. ئەمما تۈركىيىدە بولسا بۇ ئۇنۋان يالغۇز سۇلتانلارغىلا بېرىلىدۇ.

③ نۇرمۇھەممەدخان خارەزم خانى ئەبۇ سۇلتاننىڭ نامى چىقمىغان ئوغلى بولۇپ، ئوبەيدۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ مىراسى بولغان مەرۋىنى يېڭىدىن ئىشغال قىلغانىدى. لېكىن ئۆزبېكلەردىن قورقۇپ، شاھ ئابباس بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنىڭغا قارىماستىن ئەبدۇلمۇئمىن ئۇنى يەڭدى. كېيىن ئۇ شاھ ئابباس ھوزۇرىغا قاچقان بولسىمۇ ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئارىسى بۇزۇلۇپ، تەقىپ قىلىندى ۋە ئىستەخر قەلئەسىدە ۋاپات بولدى.

④ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۆزبېكلەر مەشھەدتە ئۆزلىرىنى ئەسلى يۇرتلىرىدا تۇرغاندەك ھېس قىلغان. چۈنكى ئەبدۇللاخان ئۇ يەردە ئومۇمىي ئىستىراھەت باغچىسى (چاھار باغ) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان ۋە ئۇ يالغۇز ھىجرىيە 1004 (مىلادىيە 1590) ـ يىلى تامام بولغان. يەنە بىر كارۋان ساراي بىنا قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆزبېك كارۋان

www.uyghurkitap.com

سارىيى دەپ ئاتىلىدۇ.

⑤ ئەبدۇللاخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن ئاپەتلەرنىڭ ئەڭ پالاكەتلىك بولغىنى ھىجرىيە 999 (مىلادىيە 1590) ـ يىلى يۈز بەرگەن ۋابا كېسەللىكى بولۇپ، دەسلەپتە بۇ تۇپەيلى ئىنتايىن كۆپ ئىنسان ھالاك بولغان. كېيىنچە يۇرتتىكى پۈتۈن ھايۋانلارمۇ پۈتۈنلەي دېيەرلىك ئۆلۈپ كەتكەن.

⑥ مەن نەقىل ئالغان «تارىخىي مۇقىمخانى» دا بۇنى «مانغۇتا» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئىملا خاتالىقى بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا چىن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئارىسىدا «تانغۇتا» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغانىدى.

⑦ ئۆزبېك خان ئەبدۇللاخاننىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئىدى.

⑧ ئۇ بەلخنى خارابە ھالەتتىن قۇتقۇزۇپ يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بەلخ كىستەن قارا سۇلتان ئەبۇ مۇسلىم زامانىدا بىنا قىلىنغان بولۇپ، يىگىرمە ئىككى قېتىم ۋەيران قىلىنغان قەلئە بىلەنلا قانائەتلەنگەن ئىدى. ئەبدۇلمۇئمىن بىرىنچى نۆۋەت ئۇنى گۈزەل بىر ھالەتكە كەلتۈردى. ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋاقىتتا بەلخ يېرىم خارابە ھالەتتە ئىدى. ئىشغال قىلىنىپ ئالتە ئاي ئۆتكەن ۋاقىتتا يېڭىدىن بىنا قىلىندى.

⑨ تەۋەككەل سۇلتان قازاقلارنىڭ (بىزدە خاتا ھالدا قىرغىز دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ) بىرىنچى قېتىم بىر مۇستەقىل قەبىلە بولۇپ ماۋەرائۇننەھرگە كىرگەن ۋاقىتىدا ھۆكۈمەت بېشىدا بولغان زاتتۇر. لىۋشىن بۇنى ئۆزىنىڭ «قىرغىز ـ قازاقلار، ئوردۇ ۋە ئىستىبلەرنىڭ بايانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 141 ـ بېتىدە «تەۋەككەل سۇلتان» دەپ بايان قىلىدۇ.

⑩ بۇلار ئۆزبېك خاننىڭ ئوغۇللىرى ھۇزارى سۇلتان بىلەن پىرمۇھەممەد سۇلتان. كېيىنكىسى سۇلايمان سۇلتاننىڭ ئوغلى ھەم جانىبېكنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەدقۇلى سۇلتان بىلەن پايەندە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئوغلىدۇر.

⑪ بۇ ۋەقەرلەردىن بىرى جام ئۇرۇشى ۋاقتىدا بولدى. بابۇر ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە بايان قىلىشىچە (450 ـ بەت) ئۆزبېكلەر دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، قۇياش چىققان ۋاقىتىدا ئاشۇ سېھىرلىك تاشلار بىلەن سېھىرگەرلىك قىلىشقا ئۆزلىرىنىڭ جادىگەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئىسلامىيەت بىر نەچچە ئەسىردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن قەۋملىرىدە بۇ سېھىرلىك تاش ھازىرمۇ غايەت مۆتىۋەر تۇتۇلىدۇ.

⑫ ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى چېكىتسىز دەپ ئېلىنىدۇ. ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ يەردە شېئىرىيەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش چېكىتسىز ھالەتتە پۈتۈن كىتابلارنى يېزىش ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ھەممە ۋاقىتلىرىنى سەرىپ قىلىدۇ.

⑬ ئەكبەر شاھ بابۇرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، مىلادى 1556 ـ يىلى ئون تۆت يېشىدا تەختكە چىققان. ئۇ تەختكە چىققاندا ئىنتايىن ياش ئىدى. ئالىملاردىن پولكوۋنىك يۇلنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئەكبەر شاھ خىرىستىيانلىقنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن قىزىققان. 1578 ـ يىلى ئۇ ئۆز ھوزۇرىغا پورتىگالىيە ساياھەتچىسى قابرالنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ ۋاقىتتا بىنگالىيىدە تەخداشسىز بىر پاپانىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرىپ، مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلغۇچى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى بىلەن ئومۇمىي مۇنازىرە مەجلىسى تۈزۈشكە بۇيرۇغان. مىسيونېرلارنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئۇ مەسچىتلەرنىمۇ، مۇنارلارنىمۇ يىقىتىشقا بۇيرۇغانمىش. لېكىن بۇ توغرا ئەمەس. پەقەت ھىندىستانغا بىر تۈركۈم مىسيونېرلارنىڭ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆز تىلىكى بىلەن بولغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# چاغاتاي ئەدەبىياتى①

## كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

## 2. كلاسسىك دەۋرنىڭ باشلانغۇچى
(نەۋائىغا قەدەر)

**15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى:** شاھرۇخ ئىمپېراتورلۇقى ۋە تۈركىي خەلقلەر: 14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سەمەرقەندنى پايتەخت قىلغان، تېمۇر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۈيۈك ئىمپېراتورلۇق بۇ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتلەردىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۈتۈنلەي ئەكسىچە لىڭشىپ قېلىش ۋە چېكىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تېمۇرنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئالدىدا باش ئەگكەن كەڭ رايونلار، ئۇنىڭ پۇقراسى بولۇشقا مەجبۇر بولغان كۆپلىگەن ئەمىرلەر ۋە شاھزادىلەر قورقۇنچلۇق جاھانگىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چاغاتاي بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. تېمۇر تەرىپىدىن يوقىتىلغان مۇزەففەرىلەر، كېرتلەر، سەربەدارىلار ۋە خارەزم قوڭراتلىرىغا ئوخشاش سۇلالىلەرنىڭ خاتىرىلىرى ئۇ رايونلاردا تېخىچە ئۇنتۇلمىغان. خەلق بۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە ئۇنچىۋالا قىزغىن ئەمەس ئىدى. قىپچاق سەھرالىرىدا ۋە ئىراندىكى موڭغۇل خانلىرى ۋە تۈركمەن بەگلىرىمۇ مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقانلاردىن ئىدى. تېمۇرنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا باش كۆتۈرگەن ئايرىمچىلىقلار ۋە ئۇرۇشلار بۇ پۇرسەتنى تېزلا ھازىرلىدى. سەيھۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا كۆچمەن موڭغۇل ئەنئەنىلىرىنى ھەسەتخورلۇق بىلەن ساقلىغان ئۆزبېكلەر قەشقەر ۋە پەرغانە تەرەپلەردە يەنە موڭغۇل ئەنئەنىلىرىگە سادىق قالغان ۋە ئۆزلىرىنى تېمۇرغا تەۋە رايونلاردىكى چاغاتايلاردىن ئايرىش ئۈچۈن، موڭغۇل دەپ ئاتالغان، يەنى چاغاتاي نەسەبىدىن بولغان شاھزادىلەر، غەربتە جالايىرلىقلار ئورنىغا چىققان كۆچمەن قارا قويلۇق تۈركمەنلەرنىڭ قارا يۇسۇفكە ئوخشاش قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارلىرى، بولۇپمۇ بۇ ئاخىرىدىكىلەر تېمۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلار جېدەل - ماجىرالىرىدىن مۇۋاپپەقىيەتلىك پايدىلاندى. تېمۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ تۈركىستان، خارەزم، خۇراسان ۋە ئىراننىڭ بەزى رايونلىرىدىن سىرت، ئىمپېراتورلۇقنىڭ باشقا رايونلىرى بۇ سۇلالىنىڭ باشقۇرۇشىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

ئىمپېراتورلۇق چېگرالىرىنىڭ تارىيىشىنىڭ ئەكسىچە، بولۇپمۇ ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا داۋاملىق تىپتىنچ ھەم خاتىرجەم دەۋرنىڭ ئېچىلىشى مەدەنىي ھاياتنىڭ يۈكسىلىشىگە خېلى پايدىلىق بولدى. كۆلەم جەھەتتىن زور ۋە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرغان ئۇرۇشلارنىڭ خەلققە يۈكلىگەن ماددىي جەھەتتىكى ئېغىرچىلىقلىرى يەڭگىللەشتى. قۇرۇلۇش، سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا خېلى ئەھمىيەت بېرىلدى ۋە بۇلارنىڭ نەتىجىسى

① بېشى ئۆتكەن ساندا

www.uyghurkitap.com

سۇپىتىدە سەمەرقەند، ھىراتقا ئوخشاش سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چوڭ مەركەزلىرىدە ئىلىم ھەم ئەدەبىياتقا، مۇزىكىغا، رەسىمگە، جۈملىدىن پىكىر ۋە سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەدەنىي ئىپادىلەرگە قارىتا زور قىزىقىش قوزغىدى. لېكىن، ئاھالە تەبىقىسىنىڭ بۇ دەۋردە خېلىلا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى تەخمىن قىلىش زور خاتا بولىدۇ. ھىراتتا، يەنى كېرتلەر سۇلالىسى زامانىسىدا يولغا قويۇلغان ئېغىر سېلىقلارنىڭ يەنىلا بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋام قىلغانلىقىنى، باج خادىملىرى ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ خېلى ئىمتىيازلىق ئورۇندا تۇرغان تۈركىي خەلقلەرگە قارىتا بىرلىكتە زۇلۇم سالغانلىقلىرىنى ۋە كۆچمەن خەلقلەرنىڭ يەرلىك خەلققە ھۇجۇم قىلغانلىقلىرىنى شۇ دەۋر مەنبەلىرىدىن ئۆگەنگەندۇق. ھەشەمەتلىك ساراي ھاياتىغا، تەسىس قىلىنغان ئىلىم ۋە خەير ـ ساخاۋەت مۇئەسسەسەلىرىگە ۋە ساراي ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا كېرەكلىك بولغان پۇل پەقەت ئېغىر سېلىقلار ئارقىلىقلا يىغىلىدۇ. مۇسادىرە قىلىشلار ۋە پۇل جەرىمانە قويۇش ئۇسۇللىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇلۇغبەگنىڭ سەمەرقەندتىكى باشقۇرۇشى باج ـ سېلىقلار جەھەتتىن خۇراسانغا نىسبەتەن خېلى ئاز بولۇشى مۇمكىن.

تالاش ـ تارتىشلار خېلى بېسىققاندىن كېيىن ئىمپېراتورلۇق تەختىگە چىققان شاھرۇخ بولۇپمۇ 1409 ـ 1447 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ھىراتتا سەلتەنەت سۈردى. قەدىمكى پايتەخت بولغان سەمەرقەندنى بولسا ماۋەرائۇننەھرنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىگەن چوڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگكە قالدۇردى. ئىمپېراتورلۇقنىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ئائىلىگە مەنسۇپ شاھزادىلەر ھۆكۈم سۈرۈش بىلەن بىرگە بۇلارنىڭ ھەممىسى شاھرۇخنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە تايىناتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتورلۇقنىڭ بىرلىكى قوغدىلاتتى ھەم ئىسيان قىلماقچى بولغانلار ئاسانلا باستۇرۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى تېمۇر دەۋرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ھىرات ۋە سەمەرقەند سارايلىرى باشچىلىقىدا بۇ خانىدانغا مەنسۇپ شاھزادىلەرنىڭ ھەم نۇرغۇنلىغان تۈركىي خەلقلەردىن بولغان دۆلەت خادىملىرىنىڭ سارايلىرى ئەتراپىدا تامامەن پارلاق دەۋرگە كىردى؛ تېمۇر دەۋرىدە تىكىلگەن كۆچەتلەر مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

تۈركىيچىنىڭ ئەدەبىي تىل، شېئىر تىلى بولۇپ قالالىغانلىقى سەمەرقەند، بولۇپمۇ ھىراتقا ئوخشاش ئاھالىسىنىڭ زور بىر قىسمى تۈركىيچە بىلمەيدىغان تاجىكلاردىن تەشكىل تاپقان مۇرەككەپ مەركەزلەردە مەيدانغا كېلىشى بەلكى بىر ـ بىرىدىن ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئەمەس، تەربىيە كۆرگەن يۇقىرى سىنىپلارغا، يەنى ئىران مەدەنىيىتى بىلەن ياخشىلاپ يۇغۇرۇلغان ئەجەم تىلىنى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆز جايىدا ئۆگەنگەن تۈركىي ئاقسۆڭەكلىرىگە خىتاب قىلغان بۇ ئەدەبىياتنىڭ كلاسسىك ئەجەم ئۈرنەكلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى چۈشەنسەك بۇنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەرەققىياتنى مەسىلەن، مىسىر، سۈرىيە مەملىكەتلىرىنىڭ سارايلىرىدا كۆرگەنلىكىمىز تەبىئىي. بۇنى يەنىلا چەكلىك دائىرىدىكى تەرەققىياتقا ئوخشاش بىر شەكىلدە، يەنى سۈنئىي ۋە يۈزەكى تەرەققىيات دەپ تونۇساق توغرا بولماس. ھامان ئومۇمىي جەھەتتىن كۆپ تەربىيە كۆرگەن، ئىلىمگە، گۈزەل سەنئەتلەرگە ۋە ئەجەم شېئىرىغا نىسبەتەن كۆپ ئالاقىلىرى بولغان تېمۇرلۇق شاھزادىلەرنىڭ سارايلىرىدا، ئوردىلىرىدا تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكەنلىكىنى، ھىرات ھەم بەلخقە ئوخشاش خۇراساننىڭ چوڭ مەركەزلىرىدىن تارتىپ خېلى كىچىك شەھەر بازارلىرىغىچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ھەتتا خاس مەھەللىلەردە ياشىغانلىقلىرىنى، خۇراساننىڭ بەلگىلىك رايونلىرىدا، مەسىلەن، ھىرات ۋە بادغىس ئەتراپلىرىدا بىر مۇنچە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقىنى، نىمرۇز، سىيىستان قاتارلىق رايونلاردىمۇ ئۇلارنى ئۇچراتقانلىقىنى، ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ھەم پەرغانىگە ئوخشاش

رايونلاردا بولسا، ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈر. ئەمما، سەمەرقەند شۇ دەۋردە ھىراتقا قارىغاندا خېلى قويۇق تۈركىي، چاغاتاي شەھىرى ئىدى. شاھرۇخنىڭ ھايات ۋاقتىدا موغۇل قانۇنى بويىچە ئىش كۆرمەي، تامامەن ئىسلامىي ئەنئەنىلەرگە رىئايە قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۇلۇغبەگنىڭ سەمەرقەندتە چىڭگىز قانۇنلىرىغا نىسبەتەن شەكلەن چېتىشلىقى باردەك كۆرۈنۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى پەقەت ئۇلارنىڭ شەخسىي خاھىشلىرىدىن ئەمەس، ئازراق بولسىمۇ مۇھىتنىڭ بېسىمىدىن ئىزدەش لازىم. خارەزمگە كەلسەك، بۇ قويۇق تۈركىي مەملىكىتى ئىسلامىي ئەنئەنىلەرگە ھەر زامان مۇتەئەسسىپلىك بىلەن باغلىنىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق شەرتلەر ئاستىدا چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەرەققىياتىنى تامامەن باشقا رايوندا بارلىققا كەلگەن ھەم مەنبەسى بولمىغان سۈنئىي بىر تەرەققىيات، دەپ قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

**تۈركىي خەلقلەر ۋە ئەجەم مەدەنىيىتى:** پەقەت مىللىي تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى جانلىنىشىغا قارايدىغان بولساق، بۇ دەۋرنى «تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى ئەجەم مەدەنىيىتى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بىر دەۋر» دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەرنى قىلغان بەزى غەرب ۋە شەرقشۇناس تارىخچىلارنىڭ بۇ بايانلىرى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئېھتىمال لېئون كاخۇن (Lēoncahun) نىڭ مۇشۇ دەۋر ھەققىدىكى رومانتىك باياندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى باربىئېر (Barbier) بىلەن مەينارد (Meynard) لار خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى توغرا سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك تېمۇرىيلار دەۋرى ئەجەم ئەدەبىياتى ھەم ئومۇمەن ئىران مەدەنىيىتى ئۈچۈن تارىلىش ۋە چېكىنىش ئەمەس، ئەكسىچە كېڭىيىش ۋە ئىلگىرىلەش ھالىتى بولغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، فرانسۇز شەرقشۇناسى ئوتتۇرىغا قويغان كۈچلۈك پاكىتلارغا ئىگىمىز. خۇددى موغۇللار دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكىنىدەك تېمۇرىيلار دەۋرىدىمۇ پارسچە تىل ئىلىم تىلى سۈپىتى بىلەن ئەرەبچىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئازايتىپ، رەسمىي تىل بولۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ يېنىدا بىرىنچىلىك ھالىتىنى دائىم قوغداپ كەلگەن. ئەدەبىي تىل بولۇپ قوللىنىش جەھەتتىن ئالساق، پارس تىلىنى پەقەت پارسلارلا قوللىنىپ قالماي، تۈركىي خەلقلەر، ھەتتا كۆپلىگەن شاھزادىلەر ۋە ئەمىرلەرمۇ قوللانغان بولۇپ، تۈركىي تىلدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. پارسچىنى ئېغىز تىلى دەپ بىلىپ، ئەدەبىي مەدەنىيەتتىن مەھرۇم قالغان تېمۇر ۋەخپەنامىلىرىدە، كىتابلىرىدا ۋە سارايلىرىنىڭ تاملىرىغا يازدۇرغان شېئىرلاردا ئەجەمچىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۆز تارىخىنى يالغۇز تۈركىي تىل بىلەن ئەمەس، ئەجەمچە قېلىپتىمۇ يازدۇرغان ئىدى. يۇقىرى مەدەنىيەت ئىگىسى بولغان شاھزادىلەرگە كەلسەك، بۇلاردىن زور بىر قىسمىنىڭ پارسچە ياخشى شېئىرلار يازغانلىقلىرىنى ۋە ئىران ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچراپ شېئىرلىرىنى ھىمايە قىلغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭدىن باشقا بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن ئۇلۇغبەگ ئارىسىدا خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە نىزامىنىڭ خەمسىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەس ـ مۇنازىرىلەرمۇ بولغانىدى. مەشھۇر شائىر ئىسمەتۇللاھ بۇخارى خەلىل سۇلتاننىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ماتېرىيالغا باي كۇتۇپخانىلىرى بار بولۇپ، بىر مۇنچە خەتتاتلار، زەرھەلچىلەر، رەسساملار، نەققاشلار ۋە كىتاب تۈپلىگۈچىلەر ئۇ كۇتۇپخانىلارنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىشلىدى. شاھزادىلەر ۋە ئەمىرلەر ئارىسىدا كىتاب ھەدىيە قىلىشلار ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. ھەقىقەتەن مۇسۇلمان شەرقتە كىتاب سەنئىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇقسانسىز نەمۇنىلەردىن نۇرغۇنلىرى مۇشۇ ئەسىرگە ۋە تېمۇرىيلار سارايلىرىغا ئائىت ئىدى. گۈزەل سەنئەتلەرنىڭ ھەربىر تارمىقى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بايسۇنغۇرنىڭ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە قارىتا تەنقىدىي ئۇسۇلدا يېزىلغان نۇسخىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان زېھنىي قۇۋۋىتى «بايسۇنغۇر مۇقەددىمىسى» دېيىلگەن مەشھۇر بولغان

مۇقەددىمىدىن بىلىنىدۇ. مىرزا مۇھەممەد قەزۋىنى بولسا بۇنىڭغا بىر ئاز گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئەمما، بىز بۇ ئەسەرنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىمىز، چۈنكى ئاشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شاھزادە شاھ غېرىب مىرزىنىڭمۇ ھافىز دىۋانىنىڭ يىگانە نۇسخىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز. بۇ دەۋرگە ئائىت بولغان ئەدەبىي ۋە تارىخىي مەنبەلەرنى، ھەتتا دەۋلەتشاھ تەزكىرىسى بىلەن نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابىنى ھەم «بابىرنامە» دېگەن كىتابلارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق پارس ئەدەبىياتىنىڭ تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى تەرىپىدىن قانچىلىك دەرىجىدە قىزغىنلىق بىلەن ھىمايە قىلىنغانلىقىنى ھەمدە ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ پارسچە شېئىرلار ئوقۇغانلىقلىرىنى بىلىمىز. بۇنىڭدىن باشقا شۇ ئەسىرنىڭ تونۇلغان شائىرى ۋە مۇئەللىپلىرىدىن بىر قىسمىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يېتىشكەنلىكىمۇ ئۇنتۇلمايدۇ. شۇ دەۋردە يالغۇز ئەدەبىياتتىلا ئەمەس، بەلكى گۈزەل سەنئەتلەرنىڭ ھەربىر تارمىقىدا ئەينى ئىمپادىلەرگە شاھىد بولغانلىقىمىزنى سۆزلىسەك خاتا بولماس.

**چاغاتاي شېئىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشى:** شۇنداق قىلىپ 15 ـ ئەسىردە كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ چاغاتاي شېئىرىنىڭ تەرەققىياتى 14 ـ ئەسىردىن بۇيان كۈندىن كۈنگە تېز بولغان مۇشۇ ئومۇمىي شەرتلەر ئاستىدا تېمۇرىيلار ئارىسىدا شەھەر ھاياتىنىڭ ھەم ئەجەم مەدەنىيىتىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپلەپ سىڭىپ كىرىشى بىلەن بىرگە بارلىققا كەلدى، يەنى ئەجەم تىلى ھەم ئەدەبىياتىغا قارىتا مىللىي تىل ۋە مەدەنىيەت تالاش ـ تارتىشىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، ئەكسىچە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئورۇن ئالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ شۇ تەرزدە مۇكەممەللەشكەن ئىدى. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئېنىقلانغاندىن كېيىن 15 ـ ئەسىر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ قانداق بىر مۇكەممەل يولنى تۇتقانلىقىنى ھەم بۇنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاش ئاسانلىشىدۇ. تۈركىستان ۋە ئىراننىڭ سەمەرقەند، ھىرات ھەم شىرازغا ئوخشاش نوپۇسى كۆپ، باي ۋە ئاۋات شەھەرلىرىدە پىكىر (ئىدىيە، تونۇش) سەۋىيىلىرى ھەم ئىشتىياق سەۋىيىلىرى ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاجىزلاشقان ئاقسۆڭەك مۇھىتلىرىدا قىرىدەۋسىدىن تارتىپ نىزامى ۋە سالمان ساۋەجىغا قەدەر بارلىق ئەجەم شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە يېتىشىپ ئۆلغايدى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئۆگەنگەن ھەم ئىشتىياقلىرىنى تونۇپ يەتكەن تۈركىي خەلقلەردىن بولغان شاھزادىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۆز تىللىرى بىلەنمۇ پەقەت شۇ ئۇسۇلدا ئەسەرلەر يازماقچى بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ يەنىلا 14 ـ ئەسىردە خارەزمى ۋە خوجەندىگە ئوخشاش شائىرلار بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكەن بۇ خىل خاھىش 14 ـ ئەسىر ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ پۈتۈن 15 ـ ئەسىر بويىچە كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. نەتىجىدە نەۋائى بىلەن كلاسسىك ئەجەم ئۆرنەكلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئېرىشىش غايىسىگە يەتتى.

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە يۇقىرى قاتلام بۇرژۇئازىيىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تەرەققىي قىلغان ئەدەبىياتنىڭ سىرتىدا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئەدەبىي ھەم تەسەۋۋۇپ ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇرغان ۋە توغرىدىن ـ توغرا كەڭ خەلق تەبىقىلىرىگە (ئاممىسىغا) خىتاب قىلغان دەرۋىش شائىرلار ياكى دىنىي، ئەخلاقىي مەزمۇندا نەسرىي ۋە نەزمىي دىداكتىك ئەسەرلەر يارىتقان مۇئەللىپ ھەم تەرجىمانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك»، بولۇپمۇ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قا ئوخشاش خاقانىيە ئەدەبىياتى نەتىجىلىرىمۇ يەنىلا تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق. لېكىن، بۇلار 15 ـ ئەسىردە ھىرات، سەمەرقەند يۇقىرى ئەدەبىي مۇھىتلىرىنىڭ يېڭى خاھىشلىرىنى ئەمەس، پەقەت قەدىمكى ئەدەبىي ئەنئەنىنى ياكى كەمبەغەل سىنىپلارنىڭ، يېزا ـ مەھەللە ئادەملىرى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. سەيھۇن بويلىرىدا ۋە خارەزم ئەتراپىدىكى داللاردا ياشىغان سەھرالىقلار ھەم

كۆچمەنلەر ئارىسىدا دىن، تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرىنى ئاددىي ئەپسانىلەر ۋە ئەخلاقىي ھېكمەتلىرى بىلەن تارقاتقان ئاتا ئۇنۋانلىق يەسەۋى دەرۋىشلىرى خوراساندىكى سەھرالىق ۋە كۆچمەنچى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغانىدى. لېكىن، چوڭ شەھەر ۋە شەھەر بازارلىرىدا مۇسۇلمان ئىران مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ تەشۋىقات ئوچىقى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن جايلارنىڭ، ھەتتا مەدرىسلەرنىڭ تارقاتقان تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى يۇقىرى تەبىقىلىق سىنىپلار ئارىسىدا زاھىتلىق ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، بىرمۇنچە ئەخلاقىي ئېھتىياتسىزلىقلىرى بىلەن خۇشاللانغان ھەم ماددىي نەپسانىيەتچىلىكلىرىنى مىستىك ئاشىق پەردىسى ئاستىدا يوقىتىشقا تىرىشقان، ئەرپانىتىزم پەلسەپىسى شەكلىنى ئالغانىدى. 14 ـ ئەسىردە بولۇپمۇ ھافىز شىرازى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پارلاق تەسەۋۋۇپ جۇلاسى ئاستىدا تامامەن ئۆزگە تارتقۇچى شەكىلدە يېزىلغان ئاشىق ھەم شاراب ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلىرىدىن كېيىن بارلىق ئەجەم شېئىرلىرىغا ھاكىم بولغان بۇ يۆرىلىق 15 ـ ئەسىر چاغاتاي شېئىرلىرىدىمۇ دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەتتا ئىچكى قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغان بۇ ئىدىئولوگىيىسى ئەبۇلقاسىم بابىردىن سۇلتان ھۈسەين بىن بايقارا ۋە نەۋائىغا قەدەر بىر مۇنچە ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ يالغۇز ئەسەرلىرىدىنلا ئەمەس، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىدىنمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. بىراق، كلاسسىك چاغاتاي شېئىرلىرى ئىنتايىن ئاز پەرق بىلەن لائىك (دۆلەت ئىشلىرىنى دىندىن ئايرىم تۇتقان) ماھىيىتىنى قوغداپ، دىداكتىك تەسەۋۋۇپ ئەسەرلىرىگە بۇ ئەسىردە ناھايىتى ئاز ئورۇن بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئېھتىياجىنى ئەجەم ئەدەبىياتى نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلاشمۇ مۇمكىن.

**ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ئەدەبىي تەرەققىيات:** 15 ـ ئەسىر تېمۇرىيلار دۇنياسىنىڭ ئىجتىمائىي شەرتلىرىنى ۋە مەنىۋى ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بۇ ئومۇمىي مۇلاھىزىلەردىن كېيىن بۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چاغاتاي تىلى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ تېمۇرىيلار ئۆلكىلىرىدىكى تەرەققىياتى توغرىسىدا توختىلىمىز. ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىگە ئوخشاش خاقانىيە ئەدەبىياتى نەتىجىلىرىگە ھەم يەسەۋى دەرۋىشلىرىنىڭ سۈپىيانە ئەسەرلىرىگە يات ئەمەسلىكىنى «نەسائىمەل مەھەببە» ناملىق ئىلاۋىلىك نەفاھەتۇل ئۇنس تەرجىمىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىز ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان نەۋائى دەسلەپكى چاغاتاي ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ «ھىلاگۇۋە تېمۇر زامانلىرىدىن باشلاپ شاھرۇخ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ ھەم بۇ پائالىيەتنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى قىلىپ سەككاكى، ھەيدەر خارەزمى، لۇتفى، ئەتائى، مۇقىمى، يەقىنى، ئەمىرى ۋە گەدائى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىسىملىرىنى ساناپ ئۆتىدۇ. ئەرەب ھۆكۈمدارلىرى دەۋرىدە ئەرەب ـ تۈركىي ھۆكۈمدارلار زامانىسىدا ئەجەم ۋە تۈركىي ھۆكۈمدارلار دەۋرىدىمۇ تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى سۆزلىگەن نەۋائىنىڭ بۇ ئىپادىسى غەزنەۋىيلەر بىلەن سالجۇقىلارنى ۋە خارەزمشاھلارنى سارت، پەقەت موڭغۇللار بىلەن تېمۇرىيلارنى تۈرك ھېسابلىغانلىقىنى، ئوسمانلىلار ۋە ئازەرى ئەدەبىياتلىرى ئارىسىدا بولسا رۇمى (ئوسمانلىلار) ۋە تۈركمەنى (ئازەرى) تىل بىلەن شېئىر ئوقۇغانلىقى» ئۈستىدە توختالغان نەسىمى، ھەققىدىكى مىسال بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلسا، بۇ جەھەتتىكى پىكىرىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما، ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان شائىرلارغا قارايدىغان بولساق، چاغاتاي شېئىرىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتى دەپ تېمۇر ۋە شاھرۇخ دەۋرلىرىنى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىغانلىقى ئاساسىي ئېتىبار بىلەن قارىغاندا بىر ئازمۇ خاتا ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك، تېمۇر ھايات ۋاقتىدا باشلىغان بۇ ئەدەبىي پائالىيەت شاھرۇخ زامانىسىدا مۇكەممەللىشىپ كلاسسىك دەۋرىنىڭ باشلانغۇچىنى تەشكىل قىلدى. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى مەركەز —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھىرات بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئاشۇ دەۋردە قانداق مەدەنىي پائالىيەتلەرگە سەھنە بولغانلىقلىرىنى قىسقىچە بىلدۈرۈپ ئۆتۈش بۇ ئەدەبىياتنىڭ سالاھىيىتىنى ھەم مۇكەممەللىشىشىدىكى باشقا ئامىللارنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

1381 ـ يىلى تېمۇر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن بىر مەزگىل مىرانشاھنىڭ ۋە 1397 ـ يىلىدىن بېرى شاھرۇخنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن ھىرات، ئىمپىراتورلۇق ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن پايتەخت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. 1447 ـ يىلىغا قەدەر داۋام قىلغان ئۇزۇن سەلتەنىتىدە قىۋامىددىن شىرازىغا ئوخشاش بىناكارلىق ئۇستىلىرى سالغان سارايلار، مەدرىسەلەر، ئىمارەتلەر، خان قەبرىلىرى، باغ ۋە باغچىلار بىلەن بېزەلدى.

بىر مۇنچە شاھزادە ۋە مەلىكىلەر، چوڭ ئەمىرلەر، ئادەملەر توپى ئۆز خىللىرى (ئالاھىدىلىكلىرى) بويىچە بۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلىقىدەك ئۇنىڭ، بولۇپمۇ ئوغلى بايسۇنغۇرنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىمپىراتورلۇقنىڭ ھەر تەرىپىدىن كۆپلىگەن سۈپىلار، ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلار بۇ يەرگە كەلگەنىدى. مەرۋى ۋە بەلخقە ئوخشاش قەدىمكى چوڭ مەركەزلەرنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بىر مەھەل قەدىمكى ئەھمىيەتلىرىنى ساقلاپ قالالماسلىقى، ھىراتنىڭ يەنىلا كەرت سۇلالىسى زامانىدا غەربىي ئاسىيا بىلەن جۇڭگو ۋە ھىندىستان تىجارەت يولى ئۈستىدە مۇھىم مەركەزلىك رولىنى ئېلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ ۋەزىيەت شاھرۇخ دەۋرىدىمۇ داۋام قىلغانىدى. سىياسىي مەركەز بولۇش جەھەتتىن ئىمپىراتورلۇقنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن كىرىملەرنىڭمۇ بۇ يەردە سەرپ قىلىنغانلىقى چۈشىنىلسە، ھىراتنىڭ بۇ دەۋردىكى جۇشقۇن ۋە ھەشەمەتلىك ھاياتى ھەققىدە خېلى ئېنىقچىلىك پىكىرلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ، شاھزادىلەرنىڭ ۋە چوڭ ئەمىرلەرنىڭ ھاياتلىرى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى. بايراملاردا، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش مۇراسىملىرىدا ۋە غەلىبە خۇشاللىقلىرىدا ئومۇمىي كۆڭۈل ئېچىشلار، زىياپەتلەر تەرتىپ بويىچە بولاتتى. ئات بەيگىسى، قارىغا ئېتىش ۋە چېلىش مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. پەقەت ھىرات بۇ دەۋردە چوڭ پىكىر ۋە سەنئەت مەركىزى ھالىغا كەلگەن ئىدى. مىسىر سۇلتانىنىڭ ئىزدىگەن بەش نادىر دىنىي كىتابىنىڭ شاھرۇخ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىشى ھەمدە بۇلاردىن بىردىن نۇسخا كۆچۈرۈتۈلۈپ سۇلتانغا ھەدىيە قىلىنىشى بۇ شەھەرنىڭ نەقەدەر چوڭ بىر ئىسلام مەدەنىي مەركىزى ھالىغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەلىل مۇشاۋۋىر ۋە غىياسىددىن نەققاشقا ئوخشاش رەسساملار، شەمسىددىن ھىراۋى ۋە جافەر تەبرىزىگە ئوخشاش خەتتاتلار، ئابدۇلقادىر مەراغى، يۇسۇف ئەندىجانىدەك مۇزىكا ۋە ساز ئۇستازلىرى، نىمەتۇللاھ ۋالى، شاھ قاسىم ئەل ـ ئەنۋەر ۋە زەيىنىددىن خەۋافىدەك ئۇلۇغ (زور) سۈپىلار، شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ۋە ھافىز ئابرۇغا ئوخشاش تارىخچىلار، كاتىبى، بابا سەۋدائى، ئەمىر شاھى، ئارىفى، فەتتاھى نىشاپۇرىدەك شائىرلار بۇ دەۋرنىڭ پىكىر (ئىدىيە) ۋە سەنئەت سەھنىسىدىكى پارلاق شەخسلەردىن ئىدى.

ئەمما، ھەربىر شاھزادىنىڭ ھۇزۇرىدا يا كۇتۇپخانا مۇدىرلىكىدە ياكى دىۋان (ساراي) خىزمىتىدە ياكى بولمىسا پەقەت قىزىقچى سۈپىتى بىلەن تۈرلۈك شائىرلار بولاتتى. بىر ئالىمنىڭ «شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان» لىقىنى قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلىگەنلىكى سەۋەبلىك سوپۇن ئىشلەش مەخسۇس ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن، دىنىي مۇپەتتىشلىرىگە ئەمىر قىلىپ، مەيخانىلەرنى ياپتۇرۇۋەتكەن ۋە ھەتتا شاھزادىلەرنىڭ شارابخانىلاردىكى شارابلىرىنىمۇ تۆكتۈرگۈزۈۋەتكەن شاھرۇخ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك بىر موغۇل خاقانى ئەمەس، ئاللاھنىڭ كۆلەڭگىسى ۋە خەلىپىسى سۈپەتلىرى بولغان سۈننى مەزھەبتىكى بىر ئىسلام سۇلتانى بولماقچى بولدى. ئەمما شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە قاراپ يولغا قويماقچى بولغان چەكلىمىلىكلەرنىڭ ھىراتتا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت يولغا قويۇلمىغانلىقى، بۇ يەردىكى قىزىقچىلىق، كۆڭۈل ئېچىش، شارابچىلىق ۋە مۇزىكا چېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ

داۋام قىلغانلىقى مۇقەررەر ئىدى ياكى بۇ جەھەتتىكى شۆھرىتىدىن ياكى بۇ يەردە تەسىس قىلىنغان ۋەقپىلىرىنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك ماۋەرائۇننەھرنىڭ بەزى زاھىت شەيخلىرى مۇرىتلىرىنىڭ ھىراتقا بېرىشىنى مەنئى قىلغانىدى. شاھرۇخ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ سۈننى مەزھىپىدە بولۇشلىرىغا قارىماي، ئىراندا شىئە مەزھىپىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى نىزارى كاھىستانى ۋە پىرتاج تۇلامىغا ئوخشاش باتىنىيە مەزھىپىدىكى شائىرلارنىڭ شۆھرەت قازانغانلىقىنى، ھەتتا ھۇرۇفىلەر (قۇرئان خەت ـ يېزىقلىرىدىن بىر مۇنچە چۈشەنچە ۋە ھۆكۈملەرنى چىقارغان مەزھەپ) نىڭ شاھرۇخقا قارشى ھىراتتا سۈيقەست قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغانلىقلىرىنى بىلىمىز. لېكىن، زۆرۈر تېپىلغاندا دۆلەت، زۆرۈر تېپىلغاندا سۈننى تەرىقەتلەر بۇلار بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىپ تۇرۇشقانىدى.

ئۇلۇغبەگ قىرىق يىل سەلتەنەت سۈرگەن سەمەرقەندكە كەلسەك، بۇ يەردىكى ھاياتنىڭ ھەشەمەت ۋە كۆركەملىكى جەھەتتىنمۇ ھىراتتىن ئانچە تۆۋەن ئەمەس ئىدى. پايتەختنى چوڭ دادىسى ياساتقانلىقتىن خېلى چوڭ ۋە خېلى مۇستەھكەم بىنالار بىلەن بېزەلگەن. ئۇلۇغبەگ پەقەت شېئىر ۋە ئەدەبىيات بىلەنلا ئەمەس، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ياساتماقچى بولغان رەسەتخانىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالاقاشى، غىياسىددىن جەمشىد، قازىزادە ۋە ئالىي قۇشچىغا ئوخشاش ناھايىتى مۆتىۋەر ئالىملارنى سەمەرقەندكە ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان ئىدى. سەمەرقەندكە سالدۇرغان مەدرىسەدە بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر يۈزدەك تالىپنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى دەۋلەتشاھ بايان قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا بۇ شەھەرگە توپلانغان شائىرلار ئارىسىدا ئىسمەتۇللاھ بۇخارى، ھايالى بۇخارى ۋە باخشىغا ئوخشاش داڭلىق سەنئەتكارلارمۇ بار ئىدى. دەۋلەتشاھنىڭ ھېكايىلىرىدىن ئۇلۇغبەگنىڭ ناھايىتى بىلىملىك بىر ئاقىلغا ئىگە بولغانلىقى بىلىنىدۇ، تۈركىي ۋە موڭغۇل ھۆكۈمدارلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن بولغان ئۇۋچىلىقتىمۇ نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سەمەرقەندتىكى ھاياتنىڭ ھىراتتىكىدىن خېلى ياخشى بولغانلىقىنى بەزى ھېكايىلەردىن بىلگىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھىسامىددىننىڭ يېڭى سالدۇرغان ھاممامنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن زىياپىتىدە خەلق غەزەللىرىنى ئېيتقان ئايالللارمۇ بار ئىدى. قەدىمكى موڭغۇل ئەنئەنىلىرىنىڭ بۇ يەردە ھازىرغا قەدەر ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەرگە قارىماي، ھۆكۈمدارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان مۇسۇلمان ئالىم ۋە دىنىي مۇپەتتىشلەرنىڭمۇ كەم ئەمەسلىكىنى، ئۇلۇغبەگنىڭ بۇلارغا قارىتا سەۋرچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمۇ يۇقىرىقى مەنبەلەردىن مەلۇم بولىدۇ. نەقشبەندى تەرىقىتى ماۋەرائۇننەھردە چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان ۋاقىتتا ھەدىسچىلەرنىڭ يالغان ـ ياۋداق ھەدىس، رىۋايەتلىرىنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن بىلىمىنى ئۆلچەپ كۆرۈش يولىنى تۇتقانلىقىنى، ھەتتا «كىتاب فاسلۇل ـ خىتاب» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى بولغان مەشھۇر خوجا مۇھەممەد پارسانىڭمۇ بۇنىڭدىن سىرتتا قالمىغانلىقىنى، ئىمتىھان نەتىجىسىدە رىقابەتچىلىرىنى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى راشاھاتتىن ئۆگەنگەن ئىدۇق. سەمەرقەند شەيخۇلئىسلاملىرىنىڭ باي ئائىلىنىڭ كۈتۈبخانىسىگە ئىگە بولغانلىقلىرى يەنە شۇ مەنبەدىن بىلىنىدۇ. ئۇلۇغبەگنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پارسچە يازغانلىقلىرىغا قارىماي، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىمپېراتورلۇقنىڭ بېشىدا بولغان ئىككى يىل جەريانىدا بېسىلغان پۇللىرىدا ئۇلۇغبەگنىڭ تۈركىيچە فورمۇلا (ئۇسۇل) قوللىنىشى دىققەتنى تارتىدىغان بىر ھادىسە ئىدى. ئاساسەن مەيلى ھىراتتا، مەيلى سەمەرقەندتە تېمۇر دەۋرىدە بولغىنىدەك سارايدا پارسچە يازغان ئەجەم كاتىبلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن تۈركىيچە يازغان كاتىبلارمۇ بولغانلىقى ۋە ئەنئەنىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى چوڭ ئەمىرلەر نامىغا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ئەسەرلەر يېزىلغانلىقىمۇ

www.uyghurkitap.com

مەلۇم. ھەر ھالدا چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مەركىزى بولۇش سەۋەبلىك، يەنىلا تىمۇر دەۋرىدە ئىپادىلەنگەن سەمەرقەندنىڭ ئۇلۇغبەگ زامانىسىدىمۇ ھىراتنىڭ كۈچلۈك رىقابىتىگە قارىماي، ئەينى رولىنى داۋاملىق ئوينىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

**مۇھىم شەخسلەر:** سەككاكى ــ 15 ـ ئەسىر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ خرونولوگىك جەھەتتىن دەسلەپكى مۇھىم شائىرى ئىدى. خەلىــل سۇلتان (1405 ــ 1409) غا، ئۇلۇغبەگ (1409 ــ 1440) كە ۋە ئەمىرى كەبىر ئارسلان خوجا تارخانغا ھەر خىل قەسىدىلەر ئوقۇغان بۇ شائىر ھەققىدە قولىمىزدىكى دىۋانى بىلەن نەۋائىنىڭ ئۇنىڭغا ئائىت مەۋھۇم مەلۇماتلىرىدىن باشقا بىرەر ئېنىقراق مەلۇمات يوق. ئاشۇ مەۋھۇم مەلۇماتلاردىن ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھرلىك ئىكەنلىكىنى، سەمەرقەندتە چوڭ شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكىنى، لېكىن ئۇ يەردە تەنقىتچىلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، سەككاكىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مۇھىم نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولمىغانلىقىنى، بەزىلەر سەككاكىنى «باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈۋالغان» دەپ ئەرز قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نەۋائى ئۆزىنىڭ بىر دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بولسا ئۇنى تۆۋەندە نامى تىلغا ئېلىنىدىغان لۇتفى بىلەن بىرگە «ئۇيغۇر ئىبارىسىنىڭ پاساھەتلىكلىرىدىن ۋە تۈركىيچىدە ۋايىغا يەتكەنلەردىن» دەپ مەدھىيىلەپ، شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ياشىغان جايلاردا زور ئابرۇي قازانغانلىقىنى سۆزلىگەن. بىراق، ئاخىرقى ئەسىرى بولغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دە ئۇنىڭغا لۇتفىغا ئوخشاش باھا بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەسلەپكى شېئىرلىرىنى يەنىلا تىمۇر زامانىسىدا يازغانلىقــــى مەلۇم بولغان سەككاكىنىڭ قەسىدە ۋە غەزەللىرىدىن تەركىب تاپقان دىۋانى ئۇنىڭ ئەجەم ئەدەبىياتىنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەن ۋە چاغاتايچىنى شۇ زامانغا نىسبەتەن زور مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قوللانغان قىممەتلىك شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. 822 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان مەشھۇر خوجا مۇھەممەد پارساغا بازغان مەدھىيىسى زامانىسىنىڭ ئومۇمىي مودىسىغا ئۇيغۇن بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تەسىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ھەمدە يەنىلا خەلىل سۇلتان زامانىسىدا سەمەرقەندتە بىرمۇنچە مۆرىتلىرى بولغان بۇ چوڭ شەيخقە باغلىنىشلىقى بارلىقىنــــى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە زاماندىشى بولغان بىرمۇنچە ئەجەم شائىرلىرىغا ئوخشاش، تەسەۋۋۇپ ئۇنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىر پەلسەپىۋى ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، شېئىرلىرىغا سۇپىيانە رەڭ بەرمىگەنىدى. قەسىدە ۋە غەزەللىرى كلاسسىك چاغاتاي دەۋرىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە قىممەتكە ئىدى؛ پەقەت بىر قەسىدىسىدە يازغىنىدەك «ئۆز قۇدرىتى بىلەن باشقا بىر تۈركىي شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى» توغرىسىدىكى پىكرى ئەمەلىيەتكە قىلچىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، سەككاكى بۇ پىكىردە بولۇۋاتقان مەزگىلدە ھەيدەر خارەزمى ۋە لۇتفىغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن خېلى كۈچلۈك سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلگەنىدى.

ھەيدەر خارەزمى ــ تېمۇرنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولۇپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن 1414 (ھىجرىيە 817) ـ يىلىغا قەدەر پارس ۋە ئىراقى ئەجەمدە ھاكىم بولغان ۋە شىرازدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەنبەلەردە شىرازى تەخەللۇسى بىلەن مەلۇم بولغان ئىسكەندەر بىن ئۆمەر شەيخ مىرزا نامىغا يېزىلغان «مەخزەنۇل ئەسرار» ناملىق مەسنەۋىنىڭ ئىگىسى بولغان ھەيدەر خارەزمى ھەر ھالدا يەنىلا 14 ـ ئەسىر ئاخىرلىرىدا تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يازغان ۋە «تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان» دەپ نام قازانغان بىر شائىر ئىدى. نىزامىنىڭ شۇ نامدىكى مەشھۇر ئەسىرىگە نەزىرە قىلىپ، تەقلىد ۋە تەرجىمە يولى بىــلەن يازغان بۇ گۈزەل مەسنەۋىسىدە شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغانلىقىنــــى سۆزلىگەنلىكى، تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي ئەدەبىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېرىشكەن شۆھرىتى كۆرسىتىلگەن ئىدى. ھازىرغا قەدەر بۇ شائىر توغرىسىدا توختىلىدىغان

بارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» تا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مىرھەيدەر مەجزۇب بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بۇ ھەيدەرنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى تۇنجى قېتىم ئې. بلوكېت (E • Blochet) ئوتتۇرىغا قويغانىدى. نەۋائىنىڭ شەخسەن تونۇغىنى، ھەتتا «بەدايىئۇل ۋەسەت» ناملىق دىۋانىنىڭ بىر قىتئەسىدە «سىرتىغا قاپلان تېرىسى» كىيگەنلىكىنى تىلغا ئالغان بۇ مەجزۇب ياكى قەلەندەر تەخەللۇسلۇق ئادەم بىلەن «مەجالىسۇن نەفائىس» تا تىلغا ئېلىنىپ، شەرھىلەپ ئۆتكەن ۋە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دە دەسلەپكى چاغاتاي شائىرلىرى ئارىسىدا ھېسابلىغان ھەيدەر ئىسىملىك تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىشى ھەقىقەتەن زور خاتاغا يول قويغان ئەسىرى بولۇپ، رىئېۇ (Rieu) ۋە بارتولدقا ئوخشاش ناھايىتى ھوشيار ئالىملارنىڭمۇ بۇ خاتاغا يول قويۇشلىرى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى.

دەسلەپكى گوتۋالد (Gorwald) تەرىپىدىن 1858 ـ يىلى قازاندا باستۇرۇلغان بۇ مەسنەۋىنىڭ بەزى پارچىلىرىنى كېيىن پاۋەت (Pawet) مۇ كوئۇرتېئىللې (Courteille) نىڭ «مىراجنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىللە نەشر قىلغانىدى. زامانىسىدا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى مەلۇم بولغان بۇ ئەسەرنىڭ ئىستانبۇلدىكى مىللەت كۇتۇپخانىسىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن رەسىملىك بىر نۇسخىسى ۋە ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا 4757 ـ نومۇرلۇق ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان مەجمۇئەدىمۇ بەزى پارچىلىرى بولغىنىدەك، ياۋروپا كۇتۇپخانىلىرىدىمۇ باشقا يازمىلىرى ئۇچرايدۇ. قەدىمكى چاغاتاي لۇغەتلىرىدىن دائىم پايدىلىنىلغانلىقى مەلۇم بولغان بۇ مەسنەۋىسىدىن باشقا شائىرىمىزنىڭ بىرمۇنچە قەسىدە ۋە غەزەللەر يازغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر بۇلارنى ئۇچراتمىدۇق. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دە خارەزملىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بۇ تۈركىي شائىرنىڭ مەسنەۋىسىدىكى مەغرۇرانە پەخىرلىنىشلىرىگە ئەرزىگۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكى «مەخزەنۇل ئەسرار» دېگەن كىتابىدىن مەلۇم بولغان ئىدى. تىلى راۋان ۋە نەزم تېخنىكىسى جەھەتتە مۇكەممەل بولغان بۇ مەسنەۋىسى چۈشىنىشلىك ھەم ئاھاڭدارلىقى ئىگە ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئەجەم ئەدەبىياتىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىگە ئاسانلا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شائىرىمىزنىڭ «شەيخ نىزامىددىنىدىن يارلىق ۋە پەرمان ئالغانلىقىنى ھەم ياخشى تائاملىرى ئۇنىڭ تەمىگە قاراپ پىشۇرۇلغانلىقىنى» سۆزلىشى بىردىنبىر ئەدەبىي ئەنئەنىلەرگە خىلاپتەك كۆرۈنسىمۇ، ئىسكەندەر مىرزىنى خۇشال قىلىش مەقسىتى بىلەن يېزىلغان بىر ئەسەر ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭغا ئەجابىي قاراش لازىم ئىدى. يېمەكلىكلەر ھەققىدە مەشھۇر «دىۋانى ئەتئەمە» ناملىق ئەسەر يازغان بۇسھاق شىرازى مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسكەندەر مىرزىنىڭ قىزىقچىلىقلىرىدىن ئىدى. ھەر ھالدا ھەيدەر خارەزمىنىڭ 15 ـ ئەسىر باشلىرىدىكى چاغاتاي شائىرلىرىنىڭ لۇتفىدىن كېيىنكى ئەڭ قابىلىيەتلىكى ئىكەنلىكى ئىشەنچ بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

لۇتفىمۇ قولىمىزدا بار بولغان ئەسەرلىرىدىن ھەم نەۋائىنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن بىزگە ناھايىتى ياخشى تونۇلغىنىدەك شۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك چاغاتاي شائىرى لۇتفى ئىدى. پەقەت تۈركىي تىلىدىلا ئەمەس، پارس تىلىدىمۇ بىرمۇنچە شېئىرلار يازغان لۇتفىنىڭ بولۇپمۇ تۈركىي تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى بىلەن 15 ـ ئەسىردە زور شۆھرەت قازانغانلىقىنى كۆرىمىز. نەۋائى ئۇنىڭغا «مالىكۇل كەلام» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، غەزەللىرىنىڭ ئىراق ۋە خۇراساندا ناھايىتى مەشھۇر بولغانلىقىنى سۆزلىگىنىدەك، دەۋلەتشاھمۇ ھىجرىيە 892 ـ يىلى يازغان «تەزكىرەتۇششۇئەرا» دا ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈركىي تىلدا شېئىرلار يېزىشتىكى قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. لۇتفىنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى مۇخەممەس قىلىپ ئىشلەش يولى بىلەنمۇ ئىزاھلىغان نەۋائىنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا، شۇ دەۋردە ئەدەبىي قىزىقىشنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان سەيىد ھەسەن ئەردەشىرمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. «مەجالىسۇن نەفائىس» ۋە «نەسائىمۇل مەھەببە» دە بېرىلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، لۇتفى ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىللەردە چوڭ سوپى شەيخ شەھابىددىن ھىياباتىغا قول بەرگەن ھەم ۋاپات بولغانغا قەدەر شائىرلىق بىلەن بىرگە دەرۋىشلىكنىمۇ قولدىن بەرمىگەن ئىدى. توقسان توققۇز يېشىدا ۋاپات بولغان بۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، نەسىھەتلەردە ۋە دۇئالاردا بولغان نەۋائى ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلىگەنىدى. كېيىنكى يىللاردا كاتتا شائىر ئابدۇررەھمان جامىغا سۇخەن رادىفلىق پارسچە بىر قەسىدە تەقدىم قىلغىنىدەك، پارسچە بىر مەتلەئ (دىۋان ئەدەبىياتىدا قەسىدە ياكى غەزەلنىڭ دەسلەپكى بېيىتى) سىنىمۇ غەزەل شەكلىدە تاماملاپ دىۋانىغا كىرگۈزۈشنى ئۇنىڭدىن سورىغانىدى. جامىمۇ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغانىدى.

لۇتفى بىر ئەسىرلىك ھاياتىدا تۈركىيچە ۋە پارسچە بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ھازىر بىزلەردىن پەقەت تۈركىي تىلدا يازغان دىۋانى بىلەن «گۈل ۋە نەۋرۇز»ناملىق مەسنەۋىسى ۋە بەزى پارسچە شېئىرلىرى قولىمىزدا ساقلىنىۋاتىدۇ. نەۋائى ئۇنىڭ زەپەرنامە (بۇ ئېھتىمال شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن) نى تۈركىي تىلغا نەزمى شەكلىدە تەرجىمە قىلغانلىقىنى، ئەمما، ئون مىڭ بېيىت ئەتراپىدىكى بۇ تەرجىمە ئەسەرنىڭ كوپىيە پىتىچە قالغانلىقى سەۋەبلىك شۆھرەت قازىنالمىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما، بۇ جەھەتتە يەنىلا كۆپىنچە ئاشىق ۋە شاراب ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىغا سوپىيانە غەزەللەرگە ۋە قەسىدىلەرگە قىممەت بەرگەن (قىممىتىنى ئاشۇرغان) شۇ دەۋر ئەدەبىي مودىسىنىڭ تەسىرى بولغانلىقىنىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. پەقەت چاغاتاي شائىرلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، «خاراباتى» نىڭ ئىگىسى بولغان زىيا پاشاغا قەدەر ئوسمانلىلار دەۋرى شائىرلىرى ئارىسىدىمۇ لەززەتلىنىپ ئوقۇلغان لۇتفىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەتتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئاياسوفىيا ۋە برىتانىيە مۇزېيى نۇسخىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆرلۈك مەجمۇئەلەردە بېسىلغانلىقىغا ئوخشاش دىۋانىنىڭمۇ تۆرلۈك نۇسخىلىرى مەلۇم ئىدى. برىتانىيە مۇزېيىدىكى نۇسخىسىدىن باشقا پارىژ، ئىستانبۇل، لېنىنگراد، گوتا ۋە خۇسۇسىي كۇتۇپخانىلىرىمىزدىكى نۇسخىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغىنىغا ئوخشاش، سامايلوۋىچمۇ بەزى گۈزەل تۇيغۇلىرىنى نەشر قىلدۇرغانىدى. بۇلاردىن باشقا چاغاتاي لۇغەتلىرىگىمۇ ئۇنىڭ كۆپلىگەن پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىق بولغان بۇ نۇسخىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، لۇتفى قەسىدە، غەزەل ۋە تۇيۇققا ئوخشاش نەزم تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغان بولسىمۇ، ئاساسىي ئىقتىدارىنى غەزەللىرىدە كۆرسەتكەن ئىدى. ساپ تىل ۋە جانلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بۇ ئىشقى مۇھەببەت شېئىرلىرىدا گۈزەل مەزمۇنلار ۋە نازۇك ئوي - پىكىرلەر كەم ئەمەس ئىدى. دەۋرنىڭ ئومۇمىي خاھىشلىرىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇزۇن زامانلاردىن سوپىستىك ئۇقۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇنىڭ يەنىلا ئالاھىدە تاشقى جۇلاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شاھرۇخنىڭ كېسەلدىن ياخشى بولۇپ قالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان بىر قەسىدىسىدە «مۇئىنىددىن ۋەددۇنيا شاھىنشاھ شاھرۇخ سۇلتان» دەپ خىتاب قىلغان

ۋە «خەلىپەلىك تەختىنىڭ خانى، تېمۇر خاندانىنىڭ پارلاق كۆزى» ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن بولۇپ، ئىسلامىي خاھىشلار ئۈستىدىمۇ توختالغان ئىدى. يەنە بىر نەزمىسىدە ئۇلۇغبەگنىڭ ئەدەبىي ھېسسىياتى ئۈستىدە توختىلىپ، سالمان ساۋاجىنىڭكىلەردىن تۆۋەن بولمىغان شېئىرلىرىنى ئۇنىڭ (ئۇلۇغبەگنىڭ) ئىزاھلىغانلىقىنى سۆزلىگەنىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چىقىدۇ، دەپ ھېسابلىغان يېڭى نۇسخىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن لۇتفىنىڭ تولۇق بىر دىۋانى تەييارلانسا، ھاياتىغا ئائىت بەزى يېڭى مەلۇماتلار يەنىلا قولغا كېلىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتە بولۇۋاتىمىز.

لۇتفىنىڭ 814 پارس ھۆكۈمدارى «جالالىددىنيا ۋالدىن ئەبۇل مۇزەففەر ئىسكەندەر سۇلتان بىن ئۆمەر شەيخ مىرزا» نامىغا يازغان «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق مەسنەۋىسىمۇ قىممەتلىك بىر سەنئەت ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەجەمچە ئۆرنەكلەردىكى ئەدەبىي خاھىشقا قارىغاندا، مەفائىلۇن مەفائىلۇن فەئۇلۇن ۋەزنى بىلەن يېزىلغان بۇ گۈزەل نەزمە ئىسكەندەر مىرزىنىڭ ئەمىر قىلىشى بىلەن رەتلەنگەن بولۇپ، شائىر بۇنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى «ئۇنىڭ كونا قۇلى» قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىرىشقانلىقى مەلۇم بولغان ۋە ئۆزىمۇ تۈركىي تىلدا شېئىرلار يازغان بۇ شاھزادىنىڭ شائىرىمىز (لۇتفى) نى ئاشۇ ۋاقىتلاردىن بۇرۇنمۇ ھىمايە قىلغانلىقى بۇ ئىپادىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئىستانبۇلدىكى «مىللەت» ۋە «لالەلى» كۇتۇبخانىلىرىدىكى نۇسخىلىرىدىن باشقا بودا پېشت ئاكادېمىيىسى كۇتۇبخانىسىدا، بېرلىن، ۋېنا ۋە پارىژ كۇتۇبخانىلىرى بىلەن برىتانىيە مۇزېيىدا چىرايلىق يازمىلىرى ساقلانغان بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئې بلوكېت، بىبىل. ناتىمۇ «گۇل ۋە نەۋرۇز» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 998 نومۇر قويۇلغان مەجمۇئەدە «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجەمال پەرىزات» ناملىق يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىن بىلەن يېزىلغان بىر مەسنەۋىنىڭمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، بۇنى لۇتفىغا تەئەللۇق دېگەن پىكىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىراق، ھىجرىيە 960 - يىلى يېزىلغانلىقى بايان قىلىنغان ھەم قايسى شائىرنىڭ قەيەردە، قايسى ھۆكۈمدارغا تەقدىم قىلغانلىقى يېزىلمىغان بۇ مەسنەۋىنى شائىرىمىزغا تەئەللۇق قىلىپ قويۇشقا ھېچقانداق ئاساس يوق. شائىر بىلەن شاھزادە بايسۇنغۇر مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى بىر لەتىپىگە ھۈسەيىن ۋائىزنىڭ «لەتافىئەل تەۋائىف» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن لۇتفىنىڭ شاھرۇختىن سۇلتان ھۈسەيىن بىن بايقاراغا قەدەر كۆپلىگەن تېمۇرىيلار شاھزادىلىرىنىڭ خۇشاللىق ۋە ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىنى ھىرات ئەتراپىدىكى دېھى بويىدا ئۆتكۈزگەن لۇتفىنىڭ ئۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقىنى ۋە شۇ يېزىغا كۆمۈلگەنلىكىنى بىلسەكمۇ، بۇنىڭ قايسى يىلغا توغرا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىمىز يوق. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغا قەدەر شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان شائىرىمىزنىڭ توقسان توققۇز يېشىدا يازغان «ئافتاب» رادىفلىق بىر قەسىدىسىنىڭ مەتلەئىگە ھېچقانداق شائىرنىڭ ئاشۇنداق ئىقتىدار بىلەن نەزىرە يازالمىغانلىقىنى، بولۇپمۇ نەۋائىي قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. ھەر ھالدا ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئىنچىكىلىكى بىلەن بىرگە زور شۆھرەت قازانغان بۇ سەنئەتكارنى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەۋائىدىن ئاۋۋال يېتىشكەن ئەڭ ئىقتىدارلىق شائىرى دېسەك قىلچىمۇ خاتا بولمايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەۋرەڭزىب ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر قانۇنلار قامۇسى ــ «پەتۋايى ئالەمگىرى» ①

يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى

ئەۋرەڭزىب (تولۇق ئىسمى ئەبۇل مۇزەففەر مۇھەممەد ئەۋرەڭزىب) ھىندىستاندا قۇرۇلغان بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسى (مىلادى 1526 ـ 1857 ـ يىللار) نىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى (مىلادى 1659 ـ 1707 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) بولۇپ، 1627 ـ يىلدىن 1658 ـ يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن بەشىنچى ئەۋلاد پادىشاھ شاھجاھان (ۋاپاتى 1666 ـ يىلى) نىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا سارايدا ئوبدان تەربىيىلەنگەن، بىلىم دائىرىسى كەڭرى، «قۇرئان» ۋە فىقھى ئىلمىدىن تولۇق خەۋىرى بار، ئەقىللىق، پەن ـ پاراسەتلىك، جەڭگە ماھىر بولۇپ يېتىشكەن. ئاتىسى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ۋاقتىدا لەشكەر باشلاپ ئۆزبېك ۋە پارسلار بىلەن جەڭ قىلغان. ھەربىي جەھەتتىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن 1636 ـ يىلى دىككاندىكى بىرقانچە ئۆلكىگە نائىپ بولغان. ئۇ 1658 ـ يىلى دادىسى شاھجاھاننىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، پادىشاھلىقنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئىچكى نىزا قوزغىغان ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىدۇ ۋە 1659 ـ يىلى ئۆزىنى «ئالەمگىر» (دۇنيانى ئىستىلا قىلغۇچى) دەپ ئاتايدۇ ھەمدە 1681 ـ يىلىغىچە شىمالىي ھىندىستاندا 1707 ـ يىلىغىچە دىككان ئېگىزلىكىدە نۇرغۇنلىغان جەڭلەرنى قىلىدۇ. ئەۋرەڭزىبنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىمپېرىيە پاسىلى غەزنەدىن جىددىيگىچە، كەشمىردىن جارنادىغىچە يەتكەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ۋاقتىدا (1659 ـ 1707 ـ يىللار) ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان، ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەت تۇراقلاشقان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان. 1689 ـ يىللىرى ئۇنىڭ سەلتەنەتى ئەڭ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ توپلاڭ پىلانلىغان شېكلەرنىڭ داھىسى تىكە باھادۇرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ، بىجاپۇر ۋە گوركەندا پادىشاھلىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. 1690 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋەزىيەت ئەۋرەڭزىبكە پايدىسىز بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي قوماندانى رۇستەمخان ماراتالىقلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. 1706 ـ يىلى قۇدرەتلىك بىرماراتا ئارمىيىسى پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ ئەخمەد ناگاردىكى ھەربىي گازارمىسىغا تەھدىت سالىدۇ. ئۇ كەينى ـ كەينىدىن توختىماي داۋاملىشىۋاتقان ماراتالىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا

---

① پەتۋا ـ قانۇن، بەلگىلىمە دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، «پەتۋايى ئالەمگىرى» ــ «دۇنيانى ئىستىلا قىلغۇچىنىڭ قانۇنى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ ۋە 1707 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەد ناگاردا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئەۋرەڭزىب دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر بولغان مۇھەممەد بابىر قۇرغان بۈيۈك بابىرىيلەر موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ 331 يىللىق تارىخىدا ئۆتكەن ئونبىر پادىشاھ ئىچىدە بابىردىن قالسىلا ئەڭ جەسۇر ۋە ئۇلۇغ پادىشاھ ئىدى.

سۈرىيە دۆلەتلىك سەنئەت ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن 1957 ـ يىلى پەخرىي ئاكادېمىك نامىغا ئېرىشكەن ھىندىستان نەدۋەتۇللۇق ئىسلام ئالىمى مەۋلانا ئەبۇل ھەسەن ئەلى نەدۋىنىڭ 1950 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان «مازاخەسىرەل ئالەم بىنھىتاتىل مۇسلىمىن» دېگەن كىتابىدا پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ چىڭ ئىخلاسمەن، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بىللە يەنە شەيخ ئەخمەد سەرھىندى مۇجەددىد ئەلفسانى دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان مەشھۇر دىنىي ئالىم ئىمام رەببانى (1563 ـ 1623 ـ يىللار) نىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى خاجە سەيفىددىن (شەيخ سەيفىددىن سەرھىندى دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ) نى ئۇستا تۇتقانلىقى ھەزرىتى خاجە سەيفىددىننىڭ ئاتىسى ھەزرىتى خاجە مەسۇم (ۋاپاتى 1668 ـ يىللار) غا يازغان بىر پارچە مەكتۇبىدا پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ياخشى ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى ماختىغانلىقى، ئەۋرەڭزىبنىڭ دىنىي ئۆلىمالارنى تەشكىللەپ «پەتۋايى ئالەمگىرى» ناملىق چوڭ بىر قانۇنلار قامۇسىنى تۈزدۈرگەنلىكى ھەمدە بۇ قانۇنلار قامۇسىنى تەھرىرلەپ بېكىتىشكە ئۇنىڭ بىۋاستە قاتناشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. نەدۋەنىڭ قەيتلىرىگە كۆرە، پادىشاھ ئەۋرەڭزىب «پەتۋايى ئالەمگىرى» گە ئاتاپ ئۆزى مەخسۇس بىر پارچە تەپسىر يازغان ۋە ئۇنى ھەربىي يۈرۈشلەردە شۇنداقلا ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىدا يېنىــــدىن ئايرىماي دەستۇرۇل ئەمەل ئورنىدا قوللانغان. ئۇ يەنە «ئەربەئىن» (قىرىق دېگەن مەنىدە) نامىدا بىر «قۇرئان» تەپسىرى يازغان ۋە ئۇنىڭغا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرىق پارچە ھەدىسىنى كىرگۈزگەن.

پاكىستان ئىسلام تارىخشۇناس ئالىمى سەئىد فەيياز مەھمۇدنىڭ «قىسقىچە ئىسلام تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەرگە كۆرە، ئەۋرەڭزىب ئۆمۈر بويى دوست ـ يار، ئاغىنە تۇتمىغان، يېقىن ـ يورۇق، كۆيۈمچان، ئامراق كىشىلىرى بولمىغان يىگانە پادىشاھ ئىدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاقچا ئۈستىگە «قۇرئان» ئايەتلىرىنى نەقش قىلىپ ئويۇشنى ئاللانىڭ سۆزىنى پۇچەكلەشتۈرگەنلىك، دەپ چەكلىگەن. موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھى ئەكبەر دەۋرى (1556 ـ 1605 ـ يىللار) دە ئىجاد قىلىنغان «دىنىي ئىلاھ» دېگەن كالىندارنــى ئەمەلدىن قالدۇرغان. «مۇھتەســـب» (جامائەت سورۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلغۇچى) لەرنى كۆچەيتىپ، ساراي ئەھلىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. ئۇ بۇنداق قىلمىشلارنــى ئىمپېرىيەنىڭ شۆھرىتىنى سۇندۇرىدۇ، دەپ قارىغان. سازەندە، ناخشىچىلارغا نەپەقە پۇلى بېرىپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتكەن، ئەمما مۇراسىملاردا ئىشلىتىشكە كېرەك بولىدۇ، دەپ ئىمپېرىيە تەۋەسىدە بىرلا سازەندىلەر ئۆمىكىنى قالدۇرۇپ قالغان. تۇغۇلغان كۈنىنــى خاتىرىلەشنى بۇتقا سەجدە قىلغانلىق، دەپ چەكلىگەن. قەيتلەرگە كۆرە، ئەۋرەڭزىب دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭلا غېمىنى يەيتتى، مال ـ دۇنيانى بۇزۇپ چاچمايتتى، سۆلەتۋازلىق قىلمايتتى، ھەشەمەتچىلىكنى ياخشى كۆرمەيتتى، بىكار تەلەپلەرگە ئۆچ ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ ئىشلەيتتى. ئاۋۋال دادخاھلارنىڭ دەردىنى تىڭشايتتى، دوكلاتنى ئاڭلايتتى، ئاندىن كېيىن ھۆكۈم قىلاتتى ۋە ۋەزىرلەر كېڭىشى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ توقسەن ياشقا كىرىپ قالغان

www.uyghurkitap.com

چاغدىمۇ تېخى تەخت ۋارىسىنى بەلگىلىمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا باش ۋەزىر، مالىيە ۋەزىرى، ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى، دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، ئەدلىيە ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىرلەر بولاتتى. ئۇ قانۇننى ئۆزى تۈزەتتى. ئۇنىڭغا ئوردىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن تەشكىللەنگەن كۆچلۈك بىر قانۇن مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ھەمدەمدە ئىدى. ئوردىدا «شادىر» (باش سوتچى) لار، ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەتلەردە بولسا ئۇنىڭ شۆبىلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەۋرەڭزىبنىڭ تارىخىغا ئائىت ئارخىپلار ۋە شۇنىڭدەك تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەد قاسىمنىڭ «ئەۋرەڭزىبنامە» دېگەن كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھپىسى ــ «پەتۋايى ئالەمگىرى» ناملىق قانۇنلار قامۇسىنى تۈزگەنلىكى بولۇپ، بۇ مەشھۇر قانۇنلار قامۇسىنى ئەۋرەڭزىبنىڭ رىياسەتچىلىكىدە فىقھى ئالىملىرىدىن مەۋلانا شەيخ نىزام باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم نوپۇزلۇق مۇسۇلمان قانۇنشۇناسلىرىدىن تەشكىللەنگەن ناھايىتى چوڭ بىر ئورگان تۈزۈپ چىققانىدى.

ئەبۇل مۇزەففەر مۇھەممەد ئەۋرەڭزىب ۋە ئۇنىڭ قانۇنلار قامۇسى ــ «پەتۋايى ئالەمگىرى» ھەققىدە خەۋەر بېرىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەنبە ھىندىستانلىق تارىخشۇناس نارئىندىراكىرىشناسىنخا (Narendra Krishna Sinha) نىڭ تۆت توملۇق «ھىندىستان ئومۇمي تارىخى» (HISTORY OF INDIA) دېگەن ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ ئۇلۇغ پادىشاھ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى، ئامراق ئادەملىرى ۋە يېقىن كىشىلىرىگىمۇ ئاسانلىقچە ئاغمايتتى، ئۇنىڭدىكى قەيسەرلىك ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى جاھىللىق دەرىجىسىگە ئاپارغان ئىدى. ئۇنىڭ سارايلىرىنىڭ كاتتىلىقى ياۋرۇپادىكى زاماندىشى لوئى XIV نىڭكىگە يەتمىسىمۇ، يۇرت ئېلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىنچاقلىشى ھەرگىز ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ كىشىلەرنــــى ھەيران قالدۇرغۇدەك غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئەينى چاغدىكى ساياھەتچىلەر ھەم مۇسۇلمان تارىخچىلىرى قاتتىق سېغىنىش ئىچىدە تەرىپلەشكەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك پادىشاھلىقنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان ۋە ھەر چارشەنبە كۈنى سوتقا چىقىپ دەۋا سورىغاندىن باشقا يەنە ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن خەت ـ چەكلەر ۋە سۇنۇلغان ھەر خىل مەلۇماتنامىلەرگە ئىمپېرىيە نامىدىن تەستىق سېلىپ يارلىق يازاتتى. ئىتالىيىلىك دوختۇر جېمىل كارولى 1695 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ئەھۋال توغرىسىدا توختىلىپ: «مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان مەلۇماتنامىلەرگە تەستىق سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ كۆزىگە ئەينەكمۇ تارتمىغان ئىدى، تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىدىن ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى» دەپ يازغانىدى. «ھىندىستان ئومۇمي تارىخى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ 1665 ـ يىلى بىر قانۇن ئېلان قىلىــــپ مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن %2.5 چېگرا بېجى، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سودىگەرلەردىن %5 چېگرا بېجى ئېلىشنى بەلگىلىگەن. 1667 ـ يىلى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان چېگرا بېجى بىكار قىلىنىپ ھىندى دىنىدىكىلەردىن ئېلىنىدىغان بــاج شــۇ پېتى ســاقــلاپ قېلىنغان. 1669 ـ يىلى ئۇ ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى بارلىق ئۆلكە باشلىقلىرىغا «دىنسىزلارنىڭ بارلىق مەكتەپ ۋە بۇتخانىلىرى چېقىپ تاشلانسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. 1671 ـ يىلى جاكارلانغان قانۇندا «كاتىبلار بىلەن بوغالتىرلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەنسۇن» دېيىلگەن. ئەمما، ئۇ ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ ياردىمىسىز مەمۇرىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنىڭ قىيىنلىقىنى سەزگەندىن كېيىن قايتا پەرمان چۈشۈرۈپ «بېشكار» (باج ئىشلىرى كاتىبى) لارنىڭ يېرىمىنى ھىندى دىنىدىكىلەردىن، يېرىمىنى مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەشنى

بەلگىلىگەن. 1676 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتۈن ئىمپېرىيە تەۋەسىدە پادىشاھ ئەكبەر ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن جىزىيە (جان بېجى) نى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەن. نەتىجىدە يالغۇز گۇجرات ئۆلكىسىدىنلا بەش مىليون رۇپىيە يىغىۋېلىنىپ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان. 1695 ـ يىلى راجپوتلۇقلاردىن باشقا تامامى ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ كاجۋىدا ئولتۇرۇشى، پىل ۋە ساپ نەسىللىك ئاتلارغا مىنىشى، شۇنداقلا قورال ـ ياراغ كۆتۈرۈپ يۈرۈشى مەنئى قىلىنغان.

كالكۇتتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى نارئىندىرا كىرشىنا سىنخا ئەپەندى ئەۋرەڭزىبنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن قانۇنلار قامۇسى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەۋرەڭزىب بىلىم ئىھاتىسى ناھايىتى كەڭرى، قابىلىيەتلىك ئالىم كىشى ئىدى. ھىندىستاندا ئۇنىڭ نامى بىلەن تۈزۈلگەن بۈيۈك مۇسۇلمان قانۇنلىرى قامۇسى ــ ‹پەتۋايى ئالەمگىرى› نىڭ زور كۆپ قىسمىغا ئۇنىڭ ئەجرى سىڭگەن. بۇ قامۇس كېيىن پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ ئىسلام ئەدلىيە خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاياغ يېتەكچىلىك قىلغان» دەيدۇ.

«پەتۋايى ئالەمگىرى» نىڭ تولۇق نامى «ئەل ـ فەتاۋىلھىندىيە ئەل مۇسەمماتۇبىل فەتاۋىلئالەمگىرىيە» (ھىندىستان پادىشاھى ئالەمگىرنىڭ «پەتۋايى ئالەمگىرى» ناملىق ھۆكۈملىرى) بولۇپ، بۇ قامۇس پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن فىقھى ئالىمى مەۋلانا شەيخ نىزامىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھىجرىيە 1074 (مىلادىيە 1663) ـ يىلى تۈزۈلۈپ تاماملانغان. ئەۋرەڭزىبنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇبخانىسىدىكى مەشھۇر كىتابلار بۇ قامۇسنى تۈزۈشنىڭ مەنبەئى بولغان. بۇ ناھايىتى نوپۇزلۇق بىر قامۇس بولۇپ، بەھراۋىيلىق ھەنەفى مەزھىپىدىكى مۆھتىرەم ئابدۇررەھمان دېگەن ئۆلىمانىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ «ئىشەنچسىز گەپلەردىن خالىي بولغان، خاتا كۆز قاراشلارنى رەت قىلغان، كۈچلۈك دەلىل ۋە ھۆججەتلەر بىلەن بېزەلگەن، راستچىللىق بىلەن مۇكەممەل يېزىلغان ··· پۈتۈن دۇنيانىڭ فىقھى يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇلار بۇ كىتابنى سۇلتان ئالەمگىرگە نىسبەت بېرىش ئۈچۈن ‹پەتۋايى ئالەمگىرى› دەپ ئاتىغان، بۇ كىتاب كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكى، ياخشىلىقلارنى ھاسىل قىلىشقا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ئەۋزەڭزىب بۇ قامۇسنى تۈزۈشكە قاتناشقان مۇئەللىپلەرگە ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيەگە باراۋەر كۈمۈش ۋە يەنە بىھېساپ مال ـ دۇنيا ھەدىيە قىلغان».

بارلىق زەئىپ رىۋايەتلەر ۋە ئىختىلاپلارنى تۈگىتىش، فىقھى ئىلمىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن تۈزۈلگەن ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەد ئەبۇھەنەفە (699 ـ 767 ـ يىللىرى) نىڭ كۆز قاراشلىرىغا مۇۋاپىق بولغان بۇ قامۇس تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆز زامانىسىدىكى ھەرقانداق فىھقى ئىلمىگە ئائىت كىتابتىن ئۈستۈن ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇسلۇب جەھەتتىن «ھىدايە» گە تەقلىد قىلىنغان، بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈشى جىلد، كىتاب، باب ۋە پەسىل دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلغان.

بىرىنچى جىلد ــ كىتابۇتتەھارەت (تەرەت ئېلىشقا دائىر)، كىتابۇسسەلات (نامازغا ئالاقىدار)، كىتابۇززەكات (زاكاتقا ئالاقىدار)، كىتابۇسسەۋم (روزا)، كىتابۇلمەناسىك (ھەج)، كىتابۇننىكاھ (نىكاھ ئىشلىرىغا دائىر)، كىتابۇررىزا (ئىمىلدەشكە ئائىت مەسىلىلەر)، كىتابۇتتەلاق (تالاق قىلىشقا دائىر) قاتارلىق سەككىز كىتابتىن تۈزۈلگەن.

ئىككىنچى جىلد ــ كىتابۇلئىتاق (قۇللارنى ئازاد قىلىش)، كىتابۇلئەيمەن (قەسەمگە ئالاقىدار)، كىتابۇلھۇدۇد (جازا)، كىتابۇسسىرقە (ئوغرىلىق)، كىتابۇسسىيەر (غازات)، كىتابۇللەقىيت (كەمبەغەللىكتىن ياكى زىنا ـ تۆھمەتتىن قورقۇپ تاشلىۋېتىلگەن

www.uyghurkitap.com

باللار)، كىتابۇللۇقتەتە (چۈشۈپ قالغان نەرسىلەر)، كىتابۇلئاباق (قاچقۇن قۇللار)، كىتابۇلمەفقۇد (يوقالغان نەرسىلەر)، كىتابۇششىركە (ئۆزئارا شېرىك ئىشلار)، كىتابۇلۋەقفى (ۋەقپىگە ئالاقىدار) قاتارلىق ئونبىر كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۈچىنچى جىلد ــ كىتابۇلبۇيۇئ (سودا ـ سېتىقتا ئائىت)، كىتابۇسسىرف (پۇل)، كىتابۇلكەفالە (كېپىللىككە ئېلىش)، كىتابۇلھەۋالە (ھاۋالە قىلىش)، كىتابۇلئەدەبىلقازى (قازىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى)، كىتابۇششەھاداتى (گۇۋاھلىق بېرىش)، كىتابۇررۇجۇئىششاھاداتى (گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىش)، كىتابۇلۋەكالە (ۋاكالەتچىلىك قىلىش) قاتارلىق سەككىز كىتابتىن تۈزۈلگەن.

تۆتىنچى جىلد ــ كىتابۇددەئۋا (دەۋا ئىشلىرى)، كىتابۇلئىقرار (ئىقرار قىلىش)، كىتابۇسسۇلھى (كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش)، كىتابۇلمۇزاربە (دەسمايە سېلىپ پايدا ـ زىياننى تەڭ تارتىش)، كىتابۇلۋەدىئە (ئامانەتكە قويۇش)، كىتابۇلئارىيە (ئارىيەت بېرىش)، كىتابۇلھىبە (سوۋغات)، كىتابۇلئىجارە (ئىجارىگە بېرىش) قاتارلىق سەككىز كىتابتىن تۈزۈلگەن.

بەشىنچى جىلد ــ كىتابۇلمۇكاتەب (قۇللارنى شەرت بىلەن قويۇپ بېرىش)، كىتابۇلۋىلائ (ئىگىدارچىلىق قىلىش)، كىتابۇلئىكرا (مەجبۇرلاش، زورلاش تەدبىرلىرى)، كىتابۇلھىجرى (مال ـ مۈلۈكنى ئىختىيارىي تەسەررۇپ قىلىشتىن توسۇش)، كىتابۇلمەئزۇن (رۇخسەت قىلىش)، كىتابۇلغەسبى (بۇلاڭچىلىق)، كىتابۇششۇفئەھ (ماسلاشتۇرۇش)، كىتابۇلقىسمە (تەقسىمات)، كىتابۇلمۇزارئەھ (دېھقانچىلىق)، كىتابۇلمۇئامىلە (مۇناسىۋەت)، كىتابۇززەبائىھ (ھايۋانلارنى بوغۇزلاش)، كىتابۇلئەزھىييەھ (قۇربانلىققا ئالاقىدار)، كىتابۇلكەراھىيەھ (مەكرۇھ نەرسىلەر)، كىتابۇتتەھەررا (مەقسەت، مۇددىئا)، كىتابۇئىھيائىلمەۋات (بىنام يەرلەرنى ئېچىش)، كىتابۇششۇربى (يەرلەرنى سۇغىرىش)، كىتابۇلئەشرىبەھ (ئىچىملىكلەر ھەققىدە)، كىتابۇسسەيد (ئوۋ ئوۋلاش ھەققىدە)، كىتابۇررەھنى (گۆرۈگە قويۇش) قاتارلىق ئون توققۇز كىتابتىن تۈزۈلگەن.

ئالتىنچى جىلد ــ كىتابۇلجەنايات (جىنايى ئىشلار)، كىتابۇلۋەسايا (ۋەسىيەتكە دائىر ئىشلار)، كىتابۇلمۇھازىرى ۋە سىجىلات (تەپتىش خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشنامىسى ۋە خاتىرە يېزىش)، كىتابۇششۇرۇت (شەرت، ماددا)، كىتابۇلخۇناسا (قوش جىنسلىكلەر)، كىتابۇلفەرائىز (مىراس بۆلۈشۈش) قاتارلىق ئالتە كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1994 ـ يىلى چىڭدۇدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە «بۇ ئەسەر ھىندىستاندىكى ئىسلام دىنى سۈننى مەزھىپىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دىنىي قانۇنى ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق بولۇپ، ئەرەبچە ‹پەتۋايى ئالەمگىرى› دېيىلىدۇ. 1663 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان بۇ ئەسەرنى ھىندىستاندىكى موغۇل پادشاھى ئالەمگىرى ئەۋرەڭزىبنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن بىر تۈركۈم داڭلىق فىقھى ئالىملىرى كوللېكتىپ تەسنىف قىلغان. ئۇ ھەنەفە تەلىماتىنىڭ فىقھى ئىلمىگە ئائىت ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا شۇ مەزھەپنىڭ تەلىمات، ھۆكۈم نۇسخىلىرى ھەم پەتۋالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا ھەنەفە مەزھىپىنىڭ فىقھى ئەنئەنىلىرىگە تەپسىر ئېيتىلىدۇ. ئۇ مەھكىمەئى شەرئىلەرنىڭ قوللىنىلغان قانۇن دەستۇرى ھەم شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل بولغان فىقھى تارىخىغا ئائىت ۋەسىقىدۇر» دېيىلگەن. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدا بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىدا ئەمەل قىلىنىسا

بولمايدىغان بىردىنبىر قانۇن كودېكىسىغا ئايلانغان. شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ ھەممە «شەرئى مەھكىمە» لەردە قوللىنىلغان. قازى (سوتچى) لار دەۋالارنى «پەتۋايى ئالەمگىرى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بىر ياقلىق قىلغانىدى.

ھازىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ قولىمىزدا ئىككى خىل ۋارىيانتى ساقلىنىپ تۇرماقتا. بىرىنچى خىل ۋارىيانتى — ئۇنىڭ مۇكەممەل نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىغا تارىخى ھىجرىيىنىڭ 1310 (مىلادىيە 1892 - 1893) - يىلى رەببىيەلئەۋۋەلدە، يەنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مىسىرغا قويغان نائىپى مۇھەممەد ئەلى پاشا (1769 - 1849 - يىللار) نىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان ئابباس پاشا ھىلمىسانى (1892 - 1914 - يىللار) دەۋرىدە مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى يېنىدىكى سەئىد ئۆمەر ھۆسەين خەششاب باسمىخانىسىدا بېسىلغان نۇسخىسىدۇر. بۇ جەمئىي ئالتە جىلد، 60 كىتاب، 598 باب، 3283 بەت، 30×20 س م فورماتلىق بولۇپ، بىرىنچى جىلدىدىن ئۈچىنچى جىلدىغىچە بولغان كىتابقا ئىمام فەخرىددىن ھەسەن ئىبنى مەنسۇر (پەرغانە ئەۋزجەندلىق كىشى بولۇپ ھەنەفە مەزھىپىدە، ۋاپاتى ھىجرىيە 359 - يىللار[1] ) دېگەن زاتنىڭ «پەتاۋىل قازىخان» دېگەن كىتابى، تۆتىنچى جىلدىدىن ئالتىنچى جىلدىغىچە بولغان ئوتتۇز ئۈچ كىتابقا ئىمام ھافىزىددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى شىھاب (كەردەرىلىك ئىبنى بەزازى دەپ نام چىقارغان ھەنەفە مەزھىپىدىكى كىشى، ۋاپاتى ھىجرىيە 837 - يىللار[2] ) دېگەن زاتنىڭ «پەتاۋىل بەزازىيە» دېگەن كىتابى قوشۇپ تۈپلەنگەن.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى خىل ۋارىيانتى توغرىسىدا 1988 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» دە، «پەتۋايى ئالەمگىرى» ھەققىدە توختىلىپ «ئاپتورى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل، دەۋرى ئېنىق ئەمەس» دېيىلگەن. دەرۋەقە، بۇ نۇسخا ئاپتورى ۋە يېزىلغان دەۋرى ئېنىق بولمىغان بىر ئەرەبچە تاش باسما نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھىجرىيە 1310 (مىلادىيە 1892 - 1893) - يىلىدىكى مىسىر نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئۈچىنچى جىلدىدىكى سەككىز كىتاب، تۆتىنچى جىلدىدىكى سەككىز كىتاب ۋە بەشىنچى جىلدىدىكى بەش كىتاب بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە بىر كىتاب ئۈچىنچى جىلد قىلىپ تۈپلەنگەن. دېمەك، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىدە قانچە جىلد ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەمما، كېيىن مىسىردا بېسىلغان ئاتمىش بىر جىلد قىلىپ تۈپلىنىپ، ئەينى زاماندىكى مەۋلانا شەيى نىزامىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ تۈپلەنگەن نۇسخىسىنىڭ مۇندەرىجىسىگە قارىتا كېيىنكىلەر زۆرۈر تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئاۋۋالقى 3 - جىلدىنى ئىككى يېرىم جىلد قىلىپ تۈپلىگەن. ھازىر بۇ قامۇسنىڭ مۇشۇ 3 - جىلدى ياكى بىز دەۋاتقان ئىككىنچى خىل ۋارىيانتى (20×30 س م فورماتلىق، 1318 بەتلىك ئەرەبچە تاش باسما نۇسخىسى) ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

«پەتۋايى ئالەمگىرى» نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى 1986 - يىلى ئونسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى ئۆمەر ھامىدى ئەپەندى (1942 - 1998 - يىللار) ئونسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ كۆنچى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھۇشۇر قارىم دېگەن كىشىدىن سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ۋاراقلىرى

---

① ھىجرىيە 359 - يىلى مىلادىيە 969 - 970 - يىللار.
② ھىجرىيە 837 - يىلى مىلادىيە 1433 - 1435 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئىچىگە ئونسۇ ناھىيىسىدىكى داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر قادىر قۇززات ئاخۇنۇم (1869 ـ 1955 ـ يىللار) بىلەن ئوسمان قازى ئاخۇنۇم (1880 ـ 1955 ـ يىللار) شەرئى مەھكىمىدە ھىجرىيە 1365 (مىلادىيە 1945 ـ 1946) ـ يىلى بىر ياقلىق قىلغان ھەق تەلەپ دەۋالىرى توغرىسىدىكى مۆھۈر بېسىلغان يەتتە پارچە ۋەسىقە ھۆججەت قىستۇرۇپ قويۇلغان.

قادىر قۇززات ئاخۇنۇم ئەسلى يۇرتى ئونسۇدىن بولۇپ، بالىلىق دەۋرىدە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان، 1890 ـ يىلى بۇخاراغا بېرىپ ئالىي بىلىم يۇرتى كوكۇلداش مەدرىسىسىدە ئوقۇغان. 1894 ـ يىلى بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ، ئونسۇدىكى چوڭ خانىقا ئىچىدە دىنىي مەكتەپ ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە يەنە شۇ جاينىڭ قازىسى بولغان. ئۇ شەھەر ئىچىدىكى بىكار يەرلەرنى ئېچىپ يۈز مولۇق چوڭ باغ بىنا قىلغان ھەم خەلقنىڭ بۇ باغدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆت تەرەپكە قارىتىپ تۆت ئىشىك ئېچىۋەتكەن. ھازىر بۇ چوڭ باغ «ئونسۇ بازارلىق خەلق باغچىسى» نامىدا خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالدى. قادىر قۇززات ئاخۇنۇم ئۆمرىدە خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان، «پەتۋايى ئالەمگىرى» دىكى قانۇن ـ قائىدىلەر بويىچە ئەلنىڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلغان. ئۇ ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئونسۇ خەلقىنىڭ دىلىدا نامى ئۆچمەيدىغان بىر تارىخىي شەخستۇر. ئوسمان قازى ئاخۇنۇم ئەسلى ئونسۇلۇق بولۇپ، ئونسۇدىكى چوڭ خانىقانىڭ مۇدەررىسى ۋە قازىسى ئىدى ئۇ ھاياتىدا «پەتۋايى ئالەمگىرى» نى دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى قىلغان ۋە خەلق ئارىسىدا «ئادىل قازى» دەپ نام ئالغان. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدىي» دېگەن كىتابىدا ھەزرىتى مۇجەددىد ئەلف سانى ئىمام رەببانى شەيخ ئەھمەد فارۇقى سەرھىندى (ئىمام رەببانى ۋە مۇجەددىد ئەلف سانى ھەم قۇتبى غەۋسىس سەمەدانى، يەنى جانابى ئەھمەد فارۇقى سەرھىندى) نىڭ ناسار مەخسۇم ھەزرىتىم دېگەن بىر نەۋرىسىنىڭ ئاقسۇغا كېلىپ يەرلەشكەنلىكى ۋە ھىجرىيىنىڭ 1292 (مىلادىيە 1875) ـ يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. «پەتۋايى ئالەمگىرى» نىڭ ئۆمەر ھامىدى ئەپەندى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى كىتابلار ئىشخانىسىغا بەخشەندە قىلىنغان ھازىرقى نۇسخىسىنى پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ ئۇستاز نەسەبىدىن بولغان ناسار مەخسۇم دېگەن كىشى ھىندىستاندىن ئونسۇغا ئېلىپ كەلگەن بولۇشى ياكى قادىر قۇززات ئاخۇنۇم بۇخارا مەدرىسىلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىلىنماقتا.

قىسقىسى، بۇ ئەسەر ـــ قانۇنلار قامۇسى «پەتۋايى ئالەمگىرى» ئىسلام قانۇنى سىستېمىسى ئىچىدىكى سۈننى مەزھىپىگە تەئەللۇق ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىفە مەزھىپىنىڭ ئەمەلىي گەۋدە قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىر نەۋرە تۇغقانچىلىقى بولغان پادىشاھ مۇھەممەد بابىر تەرىپىدىن ھىندىستاندا قۇرۇلغان بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول، ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن بەلكى يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى، ھاكىمىيەتچىلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان قانۇن تارىخى، ئېلىمىزنىڭ غەرب ئەللىرى، بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى شۇنىڭدەك غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى ۋە باردى ـ كەلدىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

# ئاياللارنىڭ سايىسىدىن گۈزەللىك قارىشىغىچە...

سائادەت ئابلەت

«تارىخ ئاياللارغا يېڭىدىن ئوبراز ئاتا قىلدى» . قارىغاندا بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈش تولىمۇ مۇھىمدەك قىلىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى دۇنيا ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. دەل شۇ سەۋەبلىك ئاياللار ئۆز ئوبرازى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ئاياللار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولغاچقا، ئاياللارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئىنسانلارنىڭ ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى ئىپتىدائىي جامائەت تۈزۈمى دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇپ، ئاياللارنى ئەزىزلەش ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ يارىتقۇچىسى، دېگەن بىر خىل ئېتىقادنىڭ روھىي ماھىيىتى ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن، شۇ جەمئىيەتتىكى ئاياللار ئۆز ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان ئىجتىمائىي ئاڭ ھالىتىگە باغلىق بولۇپ، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا بارغانسېرى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. دەل شۇ سەۋەبلىك ئاياللارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنى مەسىلىسىدە مەڭگۈلۈك ئەقىدىنىڭ ئىزدەنگۈچىسى ۋە ھاياتلىقنىڭ بەرپاچىسى بولغان ئاياللار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان بارلىق شارائىتتا ئىچكى كۈچلەردىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك، دەپ قارالدى. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بىلەن سانسىزلىغان كىشىلەر ئاياللارنى خارلايدىغان ياۋايىلىققا خاتىمە بېرىپ، ئاياللار خورلانسا ھاياتنىڭ چىن مەنىسى ۋە گۈزەللىكى يوقىلىشقا يۈز تۇتىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن «ئاياللار مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى» دېگەن بۇ تەلىمات بارغانسېرى ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىپ، بۇ ھەقىقەتنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەر قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ساپاسى ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدىغان، ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشىنى نوقۇل ھالدىكى ئەخلاق تەربىيىسىدىن مۇكەممەل تەربىيە ھالىتىگە كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلىدىغان بولۇشتى. دەرۋەقە ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى قانچىكى يۇقىرى بولسا، ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ شۇنچە يۇقىرى ئىلمىي دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ - دە، كەلگۈسىدىكى ئىز باسارلاردىن مۇقەررەر ھالدا ياراملىق كىشىلەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ ئىلمىي ھەقىقەت تەرەققىي قىلغان ئەللەردە مەلۇم بىر تارىخىي مۇساپىدىن كېيىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي سىناقلار جەريانىدا ئىسپاتلانغان. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتمەكچى بولىدىكەن، مۇقەررەركى قىز - ئاياللارنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا قاتناشتۇرۇش؛ بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاياللارغا مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن مىللەتنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان ھەرقانداق بىر ئايالدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىش كېرەك.

ئاڭ ئۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر ئايال ئۆزىنىڭ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان زامان، ماكان تەرەققىياتى جەريانىدا تۇتقان ئورنىنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

ھازىر بىز تەكىتلەۋاتقان ئاياللارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىش ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىش ئىدىيىسى قۇرۇق شوئار بولماستىن، بەلكى مىڭلىغان - مىليونلىغان ئاياللارنىڭ ئېتىقادىغا ئايلانغاندىلا، مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان ئاياللارنى سەرخىللاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئانا بىرىنچى ئوقۇتقۇچى. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەمما، ھازىرغا قەدەر ئىنساننى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت غايەت زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئانىلار تەربىيىسىگە سەل قارالغانلىقتىن، دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ ساپاسى يەنىلا تەلەپتىن خېلى يىراق ھالدا تۇرماقتا. ئېنىقكى بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. قىز - ئاياللار ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسىدىن بەھرىمەن بولغانلارنىڭ نىسبىتىنى ئىگىلەپ كۆرىدىغان بولساقلا، ئەھۋالنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس. ئەھۋال دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاياللار ساپاسى مەسىلىسىدە يەنىلا قىز - ئاياللىرىمىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، بولۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاياللىرىمىزنىڭ گۈزەللىك تەربىيىسى جەھەتتىكى بىلىملىرىمىزگە بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغاچقا، ئاياللار ساپاسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش (مۇكەممەل تەربىيىلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ) تىكى بىر پۈتۈن كۆز قاراشلىرىنى يېڭىلاش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. دېمەكچىمىزكى، ھەرقانداق بىر ئايال ئۆزىنى تەربىيىلەشكە سەل قارىماسلىقى، بولۇپمۇ قەلب جەھەتتە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى كېرەك. نېمىس شائىرى ھېيۇگو: «قەلب گۈزەللىكى بىلەن يۇغۇرۇلمىغان ھەرقانداق تاشقى بەدەندىكى گۈزەللىك مۇكەممەل گۈزەللىك ھېسابلانمايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان.

ئەگەر بىر ئايالنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى كۆز قارىشى پەقەت كىيىم ئۈستىلى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولسا، ئېنىقكى بۇ ئايالنىڭ مۇكەممەل ساپالىق ئانىلاردىن ھېسابلىنىشى قىيىنغا توختايدۇ، جەمئىيەت ئالدىدىكى ئوبرازى سۇسلىشىدۇ. شۇڭا، بىز ئاياللارنىڭ قارىغۇلارچە گۈزەللىك قوغلىشىشىنى ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز ئوبرازىنى يارىتىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاياللارنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، مىجەز - خۇلقى، ئەخلاق - پەزىلىتى، غايىسى قاتارلىقلار ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق بولغاندىلا، ئاندىن بىر پۈتۈن گۈزەللىك شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئاياللىرىمىزنىڭ ساپاسىغا بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان گۈزەللىك تەربىيىسى مەسىلىسىدە ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، شۇ ئاساستا ئۆزىنى قەدىرلىشىنى، ئۆزىگە خاس خاراكتېر يارىتىشىنى، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشى ئاساسىدا ئۆز ئوبرازىنى تىكلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. گۈزەللىك تەربىيىسى مائارىپ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئاياللار بۇ مۇقەررەر يۈزلىنىشكە ماسلىشىش جەھەتتە ئۆزلىرىگە بىر بالداق يۇقىرى تەلەپ قويۇشى زۆرۈر. چۈنكى، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىستىكى ناھايىتى

يۇقىرى بولغاچقا، بۇنى تاشقىي بەدەندىكى ئالامەتلەرگىلا باغلاپ قارىماي، بىر نورمال ئايالدا بار بولغان خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئۆزىنى كۆچەيتىشى، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى باھالاتقۇزۇشنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى، كىشىلەر سىزگە باھا بەرگەن چاغلىرىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ مەنىۋى قىممىتى ھېسابلانغان يۈكسەك قەلبىڭىز بىلەن ساغلام بەدەن ھالىتىڭىزنى نەزەرگە ئالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن قىز ـ ئاياللار نوقۇل ھالدىكى ياسىنىش، تارىنىش ئادەتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل، بىلىم، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەرنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى يارىتىدۇ. دېمەك، ئاياللىق گۈزەللىكى ئىنسانىيەت گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى. چۈنكى، بۇ گۈزەللىك ئىچىدە يېڭى ھاياتلىق ئاپىرىدە بولىدۇ. دەل شۇ سەۋەبلىك ئاياللار ھاياتلىقنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىپ ئەتىۋارلىنىدۇ. شۇڭا، ئاياللىق گۈزەللىكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۇرمۇشقا مول مەزمۇنلارنى ئاتا قىلغاندىن سىرت، ئەخلاق پاكلىقى ۋە پەزىلەت يۈكسەكلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىدە ئىپادىلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بەختلىك بىر ئائىلىدە ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئاياللىق گۈزەللىكىنى چىۋەرلىك بىلەن ئىشلىتىپ، ئەرگە نىسبەتەن پاك ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، ئۇ ھامان ئەخلاقنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئۈلگىسى بولالايدۇ. بۇ خىل مەنىۋى كۈچ ئانا بولغۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدىن پەرزەنتلەرگە ئۆتۈپ ئۇلارنى تەربىيىلەشتىكى ئالاھىدە تەسىرگە ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئاياللىق گۈزەللىكىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىۋاستە ھالدا ھەر بىر ئايالدىكى ئەقلىي تەرەققىياتقا باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئەقىللىق ئاياللار ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تىكلىگەندىن سىرت، ئۆزىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن بەرىق ئۇرۇپ تۇرغان گۈزەل مەنىۋى قىياپىتىنى قوشۇپ، ئۆز ھۆسنىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاياللىق گۈزەللىكى تېخىمۇ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، بۇنداق ئاياللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش كۈچى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇلاردىن شۇنى بىلىۋېلىش مۇمكىنكى، ھەقىقىي گۈزەللىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاياللار داۋاملىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى؛ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ، مول مەنىۋى بايلىق ئاساسىدا يارىتىلغان گۈزەللىكنىڭلا ھەقىقىي گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشى كېرەك. ئاياللار ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان چاغلاردا ئاجايىپ سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ. غايە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇن ـ تىنسىز پىداكارلىق ھەرقانداق زەبەردەست ئەرنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ. چۈنكى، كەسپكە بېرىلگەن ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل قەيسەرلىك، ئەرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەقلىي كۈچ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەرلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ قايىللىق بىلەن ھەسسىلەپ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. بۇ خىل سۆيگۈگە ئېرىشكەن ئايال گۈزەل ھۆسن ـ جامالى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىگە سەل قارىغان ئاياللارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەختلىك بولالايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. چۈنكى دۇنيادا مەڭگۈلۈك گۈزەللىك مەۋجۇد ئەمەس.

ھەقىقىي ياشلىق باھار ئاياللاردىن يىراقلاشقاندا ئۇلارغا ھەمراھ بولىدىغىنى ئالىيجاناپ مىجەز ـ خۇلۇق بولۇپ، بۇ ئۇلارنى مەڭگۈ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. دەل مانا بۇنىڭ ئۆزى ھەقىقىي بەخت ئەمەسمۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئايپابى تاجىزەر①

(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۈنۈس

پادىشاھ:

— بۇ كىم؟ نېمە ئادەم؟ — دېيىشى، بۇلار ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ:

— مېنىڭ لەشكىرىمنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن ئۆلتۈرمىدىم، ئۆزۈڭ ئۆلتۈردۈڭ، سەن شەھىرى ئاشالغا نېمىشقا باردىڭ؟ ئۇ يەرگە بارمىغان بولساڭ ئۆلمەس ئىدى، — دېدى. پادىشاھ:

— ماڭا ئىتائەت قىلغىن، — دېدى. شاھزادە:

— مەن ئاللاتائالاغا تائەت قىلىمەن، — دېدى. شاھ شاھزادىنىڭ جامالىغا شەيدايى ئاشىق بولۇپ:

— ئىتائەت قىلغىن، ئۆزۈمگە سىرداش قىلاي، مېنى تونۇمسەن؟ — دېدى. شاھزادە:

— تونۇيمەن، سىنى پادىشاھى ئاشالنىڭكىدە كۆرگەنىدىم. سەن شۇنىڭ قولى ئىدىڭ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۆزۈڭ دانا بالا ئىكەنسەن. لېكىن سۆزۈڭ بەك زەھەر ئىكەن، — دېيىشى، شاھزادە:

— سېنىڭدەك ئاپتاپتا قاغجىراپ قېتىپ قالغاننى تاش بىلەن ئۇرۇپ، توخماق بىلەن يانجىپ بويسۇندۇرمىسا بولمايدۇ، — دېدى. پادىشاھ خاپا بولۇپ:

— سەن ياخشى سۆزلۈك ئوبدان كىشى بولساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى. شاھزادە:

— ئۈچ تۈرلۈك كىشى ئۆزىدىن باشقىنى ياخشى كۆرمەيدۇ: بىرى گاداي كىشى، ئىككىنچى زالىم، ئۈچىنچى ساڭا ئوخشاش جاھىل كىشى، — دېدى. پادىشاھ:

— سىنى ئات باققۇچى مىراخور قىلماقچىمەن، — دېدى. شاھزادە:

— راست ئېيتىسەن، ئات بېقىش ئۈچۈن ئۈچ كىشىنىڭ ھۈنىرى كېرەك. بىرى ئاتا ــ بوۋىسى ئات باققان بولسا، ئىككىنچىسى قىمىزغا ئامراق بولسا، ئۈچىنچىسى سېنىڭدەك نەپسى يامان بولسا بولىدۇ، — دېدى. پادىشاھ:

— بۇ سۆزلەرنى قوي، ئەمدى قىلما، ئەگەر مىراخور بولۇشقا ئۇنىمىساڭ، ۋەزىر قىلاي، — دېدى. شاھزادە:

— ھەر نېمە قىلساڭ، ئاۋۋال پۇت ــ قولۇمنى زەنجىردىن بوشات، — دېدى. پادىشاھ ئۇنى زەنجىردىن بوشاتتى ۋە باشتىن ــ ئاياغ كىيىندۈرۈپ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن:

— ئاتاڭ كىم؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

① بېشى ئۆتكەن ساندا

— ئاتام مېھرىبان بىر پادىشاھ ئىدى، — دېدى. پادىشاھ:
— قايسى شەھەردىن كەلدىڭ؟ — دېۋىدى، شاھزادە:
— ئەدەم شەھىرىدىن كەلدىم، — دېدى. پادىشاھ:
— قايسى يول بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— ۋۇجۇد بىلەن كەلدىم، — دېدى. پادىشاھ:
— ئەمدى بۇ شەھەردىن قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— فەنا شەھىرىگە بارىمەن، — دېدى. پادىشاھ:
— ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— سودا قىلۇرمەن، — دېدى. پادىشاھ:
— نېمە سودىسى قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— دىدار سودىسى قىلۇرمەن، — دېدى. پادىشاھ:
— ھەممىنى قويغىن دەرياغا بېرىپ سەيلە قىلايلى، — دېدى. شاھزادە:
— غەرق بولۇپ كېتىمەن، — دېدى. پادىشاھ:
— كېمە بىلەن بارايلى، — دېدى. شاھزادە:
— كېمە بىلەن يۈرمەك خەتەردۇر، — دېدى.

ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ باردى ۋە كېمىگە چىقتى. تۇيۇقسىز بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ يامغۇر قۇيۇلۇپ، كېمىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ پارە - پارە قىلدى. ئەمۇر زەڭگى بىر تاختايدا يالغۇز قالدى. شاھزادە بىر تاختايدا يالغۇز قالدى ۋە ھوشىدىن كېتىپ يەنە ھوشىغا كەلدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئالەم يورۇدى. ھاۋا ئېچىلىپ كۈن چىقىپ، ئۆز نۇرىدا جاھاننى يورۇتتى. شاھزادە نەچچە كۈن بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە سۇدا ئېقىپ، ئاخىر بىر كۆكلەمزارلىققا چىقتى. چىمەنلەردە گۈللەر ئېچىلىپ بۇلبۇللار خۇشناۋا بىلەن سايرىشىپ تۇراتتى. شاھزادە مېۋىلەردىن يېگەچ سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر يەرگە يەتكەندە بىر ئايۋان كۆرۈندى. شاھزادە ئايۋانغا كىردى. بۇ ئادىمىزات يوق يەر بولۇپ، دېۋىلەر ياشىغان ئىمارەت ئىكەن. ئۇ يەردە بىر تەخت بار ئىكەن. شاھزادە ئاستا تەخت ئالدىغا كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا يۇلتۇزدەك گۈزەل تۆتيۈز كېنىزەك بىلەن بىر قىز كىرىپ كەلدى ۋە شاھزادىنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— مەن بۇ يەرگە ھازىرلا يېتىپ كەلدىم. ھارماڭ دېمەك يوق نېمە ئىش قىلىشىمنى سورامسەن؟ ئەگەر ئىشقا بۇيرۇماقچى بولساڭ مانا مەن تەييار، — دېدى. قىز كۈلۈپ يۈزىنى ئېچىۋالدى ۋە:
— سەن ئېلىشىپ قالغاندەك تۇرىسەن، — دېدى. شاھزادە:
— ئەي قىز، مەن ھەقىقەتەن مەجنۇندۇرمەن، — دېدى. قىز تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. سەككىز قىز شىشىلەردە شاراب كەلتۈردى. قىز:
— ئەي يىگىت، شاراب ئىچەمسەن؟ — دېدى. شاھزادە:
— ئىچمەيمەن، — دېدى. قىز:
— ئەي يىگىت، ئىچكىن، — دېدى. شاھزادە:
— تۇنقاندا ئىچىمەن، — دېدى. بىر قىز بىر جامدا شاراب كەلتۈردى. شاھزادە ئىچمىدى، ئىككى قىز شاراب كەلتۈردى ئىچمىدى. ئەمما، قىزلارنىڭ چوڭراقى شاراب تۇنقانىدى، ئىچىپ جامنى بوشاتتى. قىزلار: «ئىچەر بولسىڭىز بۇ شارابلارنىمۇ ئىچىڭ»

www.uyghurkitap.com

دەپ شاراب تۇتقاندى، شاھزادە ئۇ شارابلارنىمۇ بىر تىنىمدا قويماي ئىچىۋەتتى. قىزلار بۇنى كۆرۈپ: «بۇ يىگىتنىڭ قورسىقى كالىنىڭ قورسىقىدەك ئىكەن، بۇنچىلىك شارابنى ئىچكەن كىشى ئۆلمەي تىرىك قېلىشى ئاجايىب ئىش» دەپ ھەيران قېلىشتى. قىزلار پادىشاھى:

— مەسخىرە قىلماڭلار، بۇ يىگىتتە بىر سىر باردەك تۇرىدۇ، — دېدى ۋە يىگىتتىن سورىدى:

— ئەي يىگىت، سەن يەنە شاراب ئىچەمسەن؟ شاھزادە جاۋاب بېرىپ:

— قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئىچىمەن، — دېدى. قىزلار ھەيران بولۇشتى. قارىسا كۈنمۇ كەچ كىرىپ قاپتۇ. قىزلار ئولتۇرۇشنى توختىتىپ، ئۆز ئارامگاھىغا كېتىشتى. شاھزادە بۇ يەردە يالغۇز قالدى. بۇ قىز پادىشاھ ئىت باشنىڭ قىزى ئىدى. بۇ قىز شاھزادىگە ئاشىقى بىقارار بولۇپ ياندى. شاھزادە كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يېقىن ئەتراپتا ئادەم بارمىكىن، دەپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. نامازشام بولغاندا شەھەرگە يېتىپ باردى ۋە بىر بۇلۇڭدا ياتتى. ناماز خۇپتەنگە يەتكەندە بىر نەچچە ئىتلار پەيدا بولدى. ئۇلار شاھزادىگە قاراپ يېقىنلاشتى ۋە ھەممىسى ئولىشىپ كېلىپ شاھزادىنى تالاپ پۈتۈن ئەزايىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. شاھزادە يۈز مىڭ نالە - زار قىلاتتى. تۈن يېرىمى بولغاندا ھەممە ئىتلار تارقاشتى. تاڭ ئاتقاندا بىر نەچچە ئادەم پەيدا بولۇپ، شاھزادىنىڭ ھالىغا رەھىم ئەيلەپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. شاھزادىنى تالىغان ئىتلار مۇشۇ ئادەملەر ئىدى. بۇلار كۈندۈزى ئادەم، كېچىسى ئىت شەكلىگە كىرەر ئىدى. بۇ شەھەرگە كەلگەن سودىگەرلەر نامازشامدىن كېيىن ھېچنەگە بارماس ۋە سارايدىن چىقماس ئىدى. بۇ خەلقنىڭ ئاياللىرى ئاجايىپ گۈزەل ۋە خۇش چىراي بولۇپ، كېچىسى بولسا ئەرلىرىنى تالاغا چىقىرىۋېتىپ ئۆزلىرى ئۆيلىرىدە ياتار ئىدى. ئەگەر ئەركەكلەردىن بىرەرسى كېچىسى بالا - چاقىسىنىڭ يېنىدا ياتسا، تالاپ ئۆلتۈرەر ئىدى. شاھزادە: «كېچىسى بۇ شەھەردە تۇرغىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ، شەھەردىن چىقىپ دەسلەپ كەلگەن يېرىدە قوندى. ئەتىسى سال باغلاپ دەريا بىلەن راۋان بولدى.

ئىت باشنىڭ قىزى بولسا، ھەر كۈنى شاھزادە ئۈچۈن چاھار باغقا بارار ئىدى ۋە يۈز مىڭ پۇشايمانلار بىلەن «مۇشۇ باغدا قونارمىكىن دەپتىمەن، بۇنداق بولۇشىنى بىلسەم، ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتمەسمىدىم» دەپ نالە قىلار ئىدى. ئەمدى شاھزادىگە كەلسە، شۇ كۈنى يۇرگىنىچە مايمۇنلار شەھىرىگە يېقىنلاشتى. بۇ يەر بەك ھاۋالىق ئوبدان جاي ئىكەن. بىر مۇنچە مايمۇنلار ئولۇشۇپ كېلىپ شاھزادىنى دەرەخكە چىقارىدى. شاھزادە دەرەخكە چىقىۋېلىپ مايمۇنلارنىڭ بېشىغا سىيدى. سىيگەن سۈيدۈكى ھېلىقى باغدا ئىچكەن شاراب بولۇپ، بىر تىنىممۇ يەرگە چۈشمەي، ھەممىسى مايمۇنلارنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن كىرىپ مايمۇنلارنى مەست قىلىپ تاشلىدى. شاھزادە: «بۇ يەردە تۇرغىلى بولمىغۇدەك، مايمۇنلار بەك ئاۋارە قىلىدىكەن» دەپ ئويلاپ، دەرەختىن چۈشۈپ بىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يەتتى. شاھزادە: «ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىپ، ئادەم بار شەھەرگە كەلدىم بولغاي» دەپ ئويلاپ، دەرۋازىدىن كىرسە يولنىڭ ئىككى چېتىدە مايمۇنلار سەپ - سەپ بولۇپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە: «ۋاي ئىسىت! مايمۇنلاردىن قېچىپ كەلسەم، يەنە مايمۇنلار شەھىرىگە كېلىپتىمەن» دەپ تۇرۇۋىدى، مايمۇنلار شاھزادىنى تۇتۇۋالدى ۋە شاھزادە ھەرقانچە نالە قىلسىمۇ نالىسىگە باقماي، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شاھزادە بىر ئادەمنىڭ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ ئادەمنىڭ يېشى ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدا بولۇپ، چىرايى خۇش چىراي

ئىكەن. شاھزادە ئېگىلىپ سالام قىلدى. پادىشاھ ئىلىك ئالدى ۋە مېھرىبانلىق بىلەن سۆز سورىدى. شاھزادە بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدى. قازارا نەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. پادىشاھنىڭ بىر چاھار بېغى بار ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ شۇ باغدا شاھزادىگە بەزمە بەردى ۋە بەزمىدىن كېيىن ئۆزى شەھەرگە قايتىپ كەتتى. شاھزادە بۇ باغدا قالدى. شاھزادە باغنى سەيلە قىلىپ يۈرسە نەغمە - ناۋا ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە شۇ تەرەپكە باردى. كۆردىكى، بىر گۈزەل ساھىبجامال تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئويۇن تۇزۇپتۇ. ئۈچيۈز قىز ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. شاھزادە يەنە بىر بالاغا يولۇقماي دەپ ئويلاپ ئارقىسىغا ياندى. ئەمما، مايمۇنلار شاھزادىنى باغدىن چىققىلى قويمىدى. ھېلىقى گۈزەل قىز مايمۇن پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ قىز بەش - ئالتە قىزنى شاھزادىنى چاقىرغىلى چىقاردى. شاھزادە قاچتى، مايمۇنلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— يۈرۈڭ، سىزنى مەلىكە قىچقىرىۋاتىدۇ، — دېدى قىزلار. شاھزادە:

— نېمە قىلىدىكەن؟ — دەپ سورىۋىدى، قىزلار:

— بىلمەيمىز، — دېيىشتى. شاھزادە بارغىلى ئۇنىمىدى. قىزلار بېرىپ مەلىكىگە ئېيتتى. مەلىكە:

— بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. قىزلار بېرىپ شاھزادىگە كۈچى يەتمىدى. مايمۇنلار كېلىپ شاھزادىنى تۇتۇپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. قىز:

— ئەي يىگىت نېمە ئۈچۈن قاچىسەن، — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— قوغلاشقاندىكىن قاچقۇلۇق، — دەپ جاۋاب بەردى. قىز:

— ئەي يىگىت سېنى كۆرمەككە ئاشىقى شەيدادۇرمەن، — دېدى. شاھزادە:

— مېنى كۆرمەي قانداق ئاشىق بولدىڭىز، مېنىڭمۇ مەشۇقۇم بار، — دېدى. قىز:

— مەندىنمۇ گۈزەلمىدۇر؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— چىرايلىق بولمىسا ئاشىق بولۇرمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. قىز ناھايىتى ئازابلاندى ۋە دەرھال زىياپەت تەييارلاتتى. شاھزادە ئاستاغىنا تالاغا چىقتى ۋە كەلگەن يولىغا راۋان بولدى. شاھزادە سال باغلاپ دەرد بىلەن كېتىپ بارار ئىدى، بىر پارچە تاختايدا پېشانىسىدە بەخت - سائادەت يۇلتۇزى نۇرلىنىپ تۇرغان گۈزەل بىر ياش قىز ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ قىز ھوشسىز ئىدى. شاھزادە تاختاينى تۇتۇۋېلىپ قىزنى ھوشىغا كەلتۈردى. بۇ شاھزادىنىڭ مەشۇقى ئاپتابى تاجىزەر بولۇپ، ئۇ قىز كېنىزەكلىرى بىلەن سەيلىگە چىقىپ كېمىگە ئولتۇرغاندا دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ بىر پارچە تاختايدا قېلىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. شاھزادە قىزدىن:

— ئەي قىز، سەن قايسى چىمەننىڭ گۈلى ۋە قايسى باغنىڭ بۇلبۇلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— سودىگەرنىڭ قىزىمەن، شەھىرى ئاشالدىن سودىغا كېتىپ بارغان ئىدۇق. كېمە دەرياغا غەرق بولۇپ، مەن بىر تاختايدا يالغۇز قالدىم، — دېدى تاجىزەر. شاھزادە:

— ئۇچراشقىنىمىز ياخشى بولدى، مەنمۇ شەھىرى ئاشالغا بارىمەن، سىزنى ئاتىڭىزغا تاپشۇراي، — دەپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن قاراقچىلار كېلىپ، شاھزادە بىلەن ئاپتابى تاجىزەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز قەلئەلىرىگە ئېلىپ ماڭدى. ئەمما، ئاپتابى تاجىزەرنى بولسا پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن ئىزدەپ يۈرەر ئىدى. لەشكەرلەر دەريا قىرغىقىدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدى. بىر قىسىم قاراقچىلار شاھزادىنى ئېلىپ

قېچىپ كەتتى ۋە ئۆز قەلئەلىرىگە كەتتى. قاراقچىلار كۆندە قەلئەدىن چىقىپ كارۋانلارنى سوقۇشۇپ گاھىسىنى ئۆلتۈرۈپ پۇل - مېلىنى بۇلاپ ئالاتتى. بىر كۈنى رۇمدىن بىر قىسىم سودىگەرلەر كەلدى. قاراقچىلار بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ پۇل - ماللىرىنى ئالدى. بۇ خەۋەر رۇم پادىشاھىغا ئاڭلاندى ۋە بىر مۇنچە چىرىك ئەۋەتتى. رۇم چىرىكلىرى بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى تۇتۇپ رۇم پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھنىڭ شاھزادىگە كۆزى چۈشتى ۋە «بۇ يىگىتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. پادىشاھ:

— ئەي يىگىت، سەن قاراقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدى. رۇم شاھى شاھزادىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. شاھزادىنىڭ ئامانلىقىغا ئاتاپ نەزىر قىلدى. شاھزادە ئاشىقلىق بىلەن شەيدالىق دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شاھزادە پادىشاھتىن رۇخسەت تىلىدى. پادىشاھ رۇخسەت بەردى. شاھزادە شەھىرى ئاشال تەرەپكە راۋان بولدى. بىر نەچچە كۈن باياۋانلاردا يۈرگەندىن كېيىن بىر يەرگە كەلدى. قارىسا شەھىرى ئاشالنى ئەمۈر زەنگى ئالماقچى قەست قىلىپ ئالالماي شىشىلەرگە نېفىت قاچىلاپ شەھەر سېپىلىگە ئوت قويۇشنى پىلانلاۋاتقان ئىكەن، شەھەر خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نالە - زار قىلىشار ئىدى. شاھزادە كېلىپ بىر ئاھ ئۇرغان ئىدى، لەختە - لەختە ئوتلار ئاغزىدىن چىقىپ شىشىدىكى نېفىتلارغا تۇتىشىپ بارگاھى بىلەن ھەممە كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى شەھەر خەلقى كۆرۈپ بۇ ئىشتىن ھەيران قالدى ۋە شاھزادىنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. پادىشاھ ناھايىتى زور ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە:

— ئەي يىگىت، سىز كىمنىڭ پەرزەنتى ۋە قەيەردىن كەلدىڭىز، — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن سىزگە بۇرۇنلا شەھىرى چىندىن بولىمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدىم. قىزىڭىزغا كۆيۈۋىدىم، سىز ئوتۇن توشۇغىلى تۇتۇپ بەردىڭىز. بۇ ئىشلارغا ئالتە ئاي بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇ بىر ھېكايە قىلدى ۋە بىھوش بولدى ۋە يەنە ھوشىغا كەلدى. پادىشاھ شاھزادىگە يەتتە كېچە - كۈندۈز زىياپەت بەردى ۋە شەھەر ئىچىدە بىر چاھار باغ ياساپ ئۇ يەرگە ئاپىرىپ سەيلە - تاماشا قىلدۇردى. پادىشاھنىڭ قىزى بىللە باردى. پادىشاھ توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. شاھزادە بىلەن ئاپتابى تاجىزەر بۇ باغدا سەيلە قىلار ئىدى. شاھزادە قىزنى كۆرۈپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەمدى كۆيدۈرگىلى ئەي ماھ كېلىپسەن،
بۇلبۇلنى كۆرۈپ گۈلگە تەمەننا ئاچىلىپسەن.
بىلمەسمەنكى ئەمدى ئەجىلىم يەتتى بولغاي،
جانىمغە خەبەر بەرگەلى جاللاد تاپىپسەن.
بىلمەس دەردىڭ پىكرى خەيالى ساڭا چۈشتى،
زەررىن كۈلگۈنە ئالتۇن كىيىپسەن.
يا ماھ جەمالىڭدا تەجەللى نۇرى بارمۇ،
خەبەردار بولۇپ بەلكى فەلەككە تۇتاشىپسەن.
ئەگەر رەئنايى بولساڭ ئايتساڭ قۇتۇلۇرسەن،
بارەھىمغە مۇندا لال بولۇپ كى ئايانىپسەن.

قىزمۇ ناز ـ كەرەشمە بىلەن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

جان ئۆرتەگۈچى ئەي جانانىم كەلدىڭ،
رەھىم ئىلە ۋەفاسى يوق ھەم جانىم كەلدىڭ.
ئەي يار جەفا كۆرمەگۈچە ۋەسلىگە يېتەرمۇ،
شاد ئەتكۈچى گۈل گۈلزارىمە كەلدىڭ.
بۇ تاج زەر ئەمدى ئۇلەر ھالەتكە يېتىپتۇر،
تىرىلدۈرگۈچى ئول چەشىم ھەيۋانىم كەلدىڭ.

ۋە:
— ئەي يىگىت، ماڭا راست كۆيگەن بولساڭ مېنىڭ دىنىمغا كىرگىن، — دېدى.
شاھزادە:
— سېنىڭ دىنىڭ قايسى؟ ئەجەب بىر يامان ئىشقا دەۋەت قىلغىلى تۇردۇڭغۇ، — دېۋىدى، قىز:
— بۇتقا باش قويغىن، — دېدى. شاھزادە خاپا بولۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆيدۈم دېگەنىم بىرلە تىغ ئۇرغالى تۇردى،
جانىمنى ئالىپ، بۇتغە باش چالدۇرغەلى تۇردى.
بۇ جەمئى گۇناھلار ماڭا يۈزلەندى نەيلەيىن،
ئىمساننى ئالىپ جانىم قايغۇرغالى تۇردى.
كىم يۈزلەرىدىن جانىم مانەند يانا،
پەرۋانەنى ئوتلار ئارا كۆيدۈرگەلى تۇردى.
بىچارە ئۆلۈپ بارچە باياباننى كەزدىم،
كەلمەك بىلە قاش ياسىدا تىغ سۇرگەلى تۇردى.
يا ئەجر بارمۇ قانى ئالغالى جانىم،
يار ئەجەلىم توشماي مېنى ئۆلتۈرگەلى تۇردى.
بىچارە رەئنايى خەستەۋۇ ھەيران،
پەش قىستۇرۇبان دەشت فەنا يۈرگەلى تۇردى.

قىز:
— ئەي يىگىت بۇتقا باش قويمىساڭ كۆيگىنىڭ مەلۇم ئەمەس، — دېدى. شاھزادە:
— ئاجايىپ سۆزلەرنى قىلىسەنغۇ ئاپتابى تاجىزەر؟ سېنىڭ بۇتۇڭغا باش قويغان بىلەن ساڭا ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ، — دېدى. قىز:
— ئاشىقلىق ئەقىدىسى ئەمەسمۇ؟ — دېدى. شاھزادە:
— قانچە بۇتۇڭ بار؟ — دەپ سورىدى. قىز:
— ئۈچيۈز ئالتۇن بۇتۇم بار، — دېدى. ئۇلار بۇتخانىغا كىردى. شاھزادە بۇتلارغا سالام قىلدى. بىللە كەلگەنلەر كۈلۈشتى. شاھزادە قىزغا قاراپ:
— قايسىسىغا باش قويىمەن؟ — دېۋىدى، قىز:
— قايسىسىغا خوشۇڭ كەلسە، شۇنىڭغا باش قويغىن، — دېدى. شاھزادە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھېچقايسىسىغا باش قويغۇم يوق، — دېدى. قىز:

— ئۇنداقتا نېمە دەپ ئاشىقلىق لاپىنى ئۇرىسەن؟ ئاشىق ئەمەسسەن، — دېدى شاھزادە:

— ئاشىقلىق لاپىنى ئۇرماق نادانلىقتۇر، — دېدى ۋە:

— ئەي قىز، مانا باش قويدۇم كۆرگىن، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دېۋىدى، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىمنىڭ خاسىيىتىدىن ھەممە بۇتلارنىڭ يۈزى تۆۋەن بولدى. شاھزادە:

— ئەي قىز، مەن بۇتلارغا باش قويماستىن بۇرۇن بۇتلار ماڭا باش قويدى، — دېۋىدى، قىز:

— ئەي يىگىت، سېنىڭ دىنىڭ راست ئىكەن، — دەپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. پادىشاھمۇ ھەممە خەلقى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. قىز:

— ئەي يىگىت، سەن شائىرمۇ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— شائىر، — دېدى. قىز:

— مەنمۇ سەندىن ئوبدانراق شائىردۇرمەن، ئۇنداق بولسا شېئىر ئوقۇغىن، — دېۋىدى، شاھزادە بۇ سۆزگە مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

تاجىزەر جەننەت سۈپەت دىلبەر ئىكەن،
زۇلفى ئىككى ياندا ئاشۇر ئىكەن.
زۇلفى خاھى شەمشەرى ھەيدەر ئىكەن،
دىلرەبالار شاھىسى مەنزەر ئىكەن.
ئول كۆزىدىن جان ئالۇر نەشتەر ئىكەن،
قىلغۇچى مۇنداغ ئىشلارنى ئوشۇل قىلۇر ئىكەن.

قىز مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

سۆزلەرىڭ رەئنايى جان شەككەرمىدۇر،
يۈزلەرىڭ ياكى قىزىل ئەھمەرمىدۇر؟
سۆزلەرىڭ فۇرقان ئىلە دەفتەرمىدۇر،
ئۇچقالى باقىشلارىڭ شەمشەرمىدۇر.
ئۇشبۇ سۆزلەرنى دېگەن رەئنايىدەك شائىرمىدۇر؟

شاھزادە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

شېئىر ئوقۇپ ئول كۆزلەرى تۇرلۇك بەلا پەيدا قىلۇر،
يىغلاتىپ بۇ كۆزلەرىمنى ياشىنى دەريا قىلۇر.
ساچىلە بۇ دىلبەرىم مىڭ ئەزاب ئەتا قىلۇر،
جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرگەلى يۈز مىڭ جەھان پەيدا قىلۇر.
ئۇشبۇ شائىرلىق مۇنىڭدا بىھېساپ زەۋقى ئېرۇر.

بۇلارنىڭ ئىشقى مۇھەببەتلىرىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ھاڭ - تاڭ قالدى. شاھزادە ئېيتتىكى:

— ئەي قىز، ياخشى شائىرە ئىكەنسىز. يەنە بىر بېيت ئېيتىڭ، — دېدى. قىز بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆردۈم جەمالىڭ دىلدار بولدۇم،
سەندەك كىشىگە مەن يار بولدۇم.
ئەي سەن مەھۋەشىم مەن ئار بولدۇم،
سەن ئاشىقىمە مەن گۈلزار بولدۇم.
بۇ ئىشقىدىن مەن بىزار بولدۇم،
كۆڭلۈم ئىچرە بىر ماجەرادۇر،
يانىمدا زۇلفۇم يا ئەژدەھادۇر،
ئاھىم باشىمدا گويا بەلادۇر،
ئىشقىڭدا يۈرگەن مەن بىنەۋادۇر،
ئارزۇلۇق مەنكىم دىيدار بولدۇم.

شاھزادە مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

كۆردۈم يۈزۈڭنى دىۋانە قىلدى،
ھىجران ئوتىغە پەرۋانە قىلدى،
گەۋھەردۇركى يەكدانە قىلدى،
ھەر ئىشكى سەن - سەن جانانە قىلدى،
ھەجرىڭدە يۈرمەك خۇشخۋار بولدۇم.

قىز مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ھىجران ئوتىدا ھەيران قىلىپسەن،
دادىمغا يەتمەي ۋەيران قىلىپسەن،
كۆڭلۈمنى غەمناك غەرقان قىلىپسەن،
بى رەھىم ھەر ئىش جانان قىلىپسەن،
فۇرقەت ئوتىدا خۇشزار بولدۇم.

شاھزادە مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

مەندەك كى كۆردۈڭ دىلبەر بولۇرمۇ،
خۇرشىد مانەند خاۋەر بولۇرمۇ،
ئىشقىدا كۆيگەن خاۋەر بولۇرمۇ،
بىر ماھى تەلئەت شەككەر بولۇرمۇ،
بۇ رازى نىھان ئىزھار بولدۇم.

قىز مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى.

ھالىمغە رەھىم ئەت جانىمنى كۆرگىل،
باغرىم ياراسەن ھالىمنى كۆرگىل،
ئۆلمەك ماڭا ئول دانىمنى كۆرگىل،
يوقتۇر بەقاسى قانىمنى كۆرگىل،
جەمالىڭگە يار مەن زار بولدۇم،
ئىشق يولىدا بولماسا يارىم،
باردۇر فىغانىم، يوق ئۆزگە كارىم،
ئاچىلدى كەلگىل باغى ئانارىم،
............
ئىشقىڭدا ئەي يار بىسيار بولدۇم،

قىز بۇيرۇق بېرىپ «زىياپەت راسلاڭلار» دېۋىدى، ھەممىنى تەييار قىلدى. چاھار باغدا زىياپەت يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرى شاھزادىنىڭ يادىغا كېلىپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتى ۋە مەست - مۇستەغرەق بولۇپ، ھېچ نەرسىگە قارىماي يىگىرمە كۈن يول يۈردى. يۈز مىڭ جاپالار بىلەن قەرىن شەھىرىگە كەلدى. شاھزادە كېچىدە يېتىپ كەلگەچكە ھېچكىم بىلمەس ئىدى. شاھزادە كېلىپ كوچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتتى. كېچىسى ئىنىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە شاھزادە «ئەي قېرىنداش، شەھىرىڭگە كەلدىم، ھەيرانە زار بولدۇم» دەۋاتقانمىش. ئويغىنىپ قارىسا تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. شاھزادە بولسا مىڭ مۇشەققەتتە پادىشاھ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ياساۋۇللار شاھزادىنى تونۇمىغاچقا، كىرگىلى قويماي خاپا قىلغانلىقتىن مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەي ئاكا! سەن قايداسەن كۆرسەتمەدى بۇ ئىتلارنىڭ،
......................
ئىتلارنىڭ تۇتتى مېنى سەن ... ئىتلارنىڭ،
......................
... نغان بىرلە ئاغۇشتە بولۇپتۇر خاكدۇر،
ئەي قېرىنداشكىم يۈزۈڭنى بىر ئېچىپ كۆرگۈزمەدىڭ.
خەنجەرىڭنى بەر ماڭا كۆرسەتكىلى كۆكسۇم ياراي،
قۇل بولۇپ كەتتىم ئۆزۈمچە ئەي ئاكا سەن ساتمادىڭ.
ئوشبۇ رەئنايى فىراقىڭدا ئۆلەر ھالەت ئېرۇر،
مۇندا ئىشتىپ بىر دەم يەتتىم كۆڭۈلنى شاد ئەتمەدىڭ.

بېيىت ئوقۇغاندا پادىشاھ قەرىن جاھاننەماغا قاراپ تۇرار ئىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېرىنداشلىق ئوتى جۇش ئۇرۇپ ئۆزى يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە رەئنايى جاھاندارنىڭ قۇچىقىغا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. يەنە ئېسىگە كېلىپ، يۈز مىڭ نالە ـ پىغانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئوردىغا كىردى. شاھزادىنى ئوردىغا كىرگىلى قويمىغان ياساۋۇللارغا قاتتىق غەزىپى كەلدى. ھەممە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار جەم بولدى. ئۇلار نالە ـ زار قىلىشاتتى. شاھزادە ھەممىسى بىلەن «ئەمدى ئاخىرەتتە مەھشەر كۈنىدە كۆرۈشكەيمىز» دەپ خوشلاشتى ۋە شەھىرى ئاشالغا قاراپ يولغا چىقتى. باياۋانلاردا كېچە ـ كۈندۈز تەشنا ۋە ئاچ قورساق، بىھوش، مەستۇ مۇستەغرەق يىگىرمە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەدەم مۇلكىدە پىر تۇتقان مېنىڭكى گۈلئۇزارىمسەن،
كۆڭۈللەرنى ۋەيران قىلغان بىر ماھى نىگارىمسەن،
غەمىم كى شادلىق، بەرباد جانىم بەلكى يارىمسەن،
كۆڭۈلگە كەررەئى يادىڭ چۈشۈپتۇر يا تۇمارىمسەن،
كۆڭۈل ئايۋانىدا جىلۋە بىرىپ تۇرغان ئانارىمسەن.

سېنىڭ شەمئى جەمالىڭغە غەير مىڭ ئاشنا بولدى،
ئۆلۈم ئەمدى ئەگەر كەلسەڭ بۇ جانىمگە رەۋا بولدى،
داۋاسىز دەرد ئاشىق ئىلە بۇ بىر مۇددىئا بولدى،
باشىمدا چۆرۈلۈپ ئاھىم تۇرار گويا بەلا بولدى،
بەلا ياندۇرغالى ئىككى جەھان باش پەناھىمسەن.

نىگار لۇتف ئېتىپ دەردىم ... نى داۋا قىلساڭ،
نېتەي بىچارە ھەيرانە بولۇپ مەن بىر شىفا قىلساڭ،
قاشىڭ يايى بىرلە يا ئۆلتۈرۈپ ئەمدى ئەدا قىلساڭ،
ئۆلۈمكى چىداغۇدەكدۇر يۈرەك مەجنۇنىمە قىلساڭ،
يۈگۈردۈم ھەر تەرەپ جانان بارۇر بەر قەرارىمسەن.

نىگارىم رەھم ئەتمەيدۇر ئۆلۈمگە بارغۇدەكدۇرمەن،

كۆڭۈل زەخمى داۋا تاپماي باغرىمنى يارغۇدەكدۇرمەن،
بۇ ئالەمدىن ئۈزۈم بىرلە سىنى قۇتقازغۇدەكدۇرمەن،
...... نى ...... كى جاھان ...... دۇرمەن،
كېلىپ ھالىمغە يەتكەيسەن ئوچۇق رازى نىھانىمسەن.

كۆڭۈلنى ئالدۇرۇپ بولدۇم ساڭا مەن ۋالەئى شەيدا،
سىنىڭ ئىشقىڭدا يۈرگەنلەر ئارا چۇشتى ئەجەب غەۋغا،
سىنىڭدەك تاپمادىم ئالەمدە بىر دىلدار خوش رەئنا،
ماڭا بىر رەھم ئېتىپ ھالىمغە يەتسەڭ نە بولۇر جانا،
ئىچىپ مەيخانەدە بادە كۆزى بولغان خۇمارىمسەن.

مىنىڭ كۆڭلۈمدەدۇر دىدارى دەۋا جانانە بولغىل،
غەۋس ھەيرانەدۇر ماڭا ھەمىشە غەمخانە بولغىل،
كېلىپسەن رەھنەما جانان ۋە دىۋانەۋار بولغىل،
ئىشق ئوتىغە ئۆرۈپ زاتىڭ بۇ يولدا پەرۋانەۋار بولغىل،
بۇ كۆڭلۈم رەھمىسى رەئنايىغە ھەم روزغارىمسەن.

ئاندىن ھېلىقى چاھار باغنىڭ ئىشىكى تەرەپكە راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى قىزدىن ئاڭلايلى. شاھزادە چاھار باغدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاھزادىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. قىز نالە ـ زار بىلەن كېسەلگە گىرىپتار بولدى. شۇ ھالەتتە ياتقاندا شاھزادە چاھار باغ ئىشىكىگە كېلىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

كېتىپ قاشىڭدىن ئەي يار كەلدىم، دۇنيانى تاشلاپ مەن خار كەلدىم.
ئۈزمە ئۈمىدىڭ گۈلزار كەلدىم. ئىچكىل مۇھەببەت بىر بادە يارىم،
باردىم قېرىنداش كۆرمەككە ئارزۇ، جانىم قىلاي دەپ ئەشيار كەلدىم.
كۆرمەككە ئەمدى دىدار كەلدىم. رەئنايى بولۇپ مېھنەتكە يانداش،
دۇنيايى دوندا يوقتۇرۇر ۋەفا، دۇنيادا قىلماق ھېچ كارە كەلدىم.

بۇ بېيىت مەلىكە تاجىزەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى ۋە يۈز مىڭ شادلىق بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆڭلۈم ئاچىلغاي ئەي يار كەلسەڭ، جامى شەرابىڭ ئىلكىمگە ئالدىم،
غەملەر چاچىلغاي گۈلزار كەلسەڭ. ئىچكىل كى ئەي يار تەييار كەلسەڭ،
دەردۇغەمىمدىن خەلاس بولۇپمەن، جانىم تەسەددۇق قىلدىم كى ئەي يار،
گۈلدەك يۈزۈڭدىن گۈلنار كەلسەڭ. ئۆلتۈرگىل مەنى خۇنخارى كەلسەڭ.

ۋە يۈز مىڭ ناز ـ كەرەشمە بىلەن سەرۋى ئەر ـ ئەر، يا سەرۋى سەنەۋبەر شامال چىقسا

www.uyghurkitap.com

ئىككى ياقىا لىڭشىپ جىلۋە كۆرسەتكەندەك، كۆن نۇرى مەشرىقىدىن ئۆز نۇرىنى چاچقاندەك مەلىكە چىقىپ شاھزادىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. شاھزادىمۇ قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ھەر ئىككىلىسى ھوشىدىن كەتتى، يەنە ھوشىغا كېلىپ بۇلبۇل گۈلزارنى تاپقاندەك شاد ـ خۇرام بولۇپ، چىمەن گۈلزارلىقىغا كىردى. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى. پادىشاھ پېقىرلارغا ناھايىتى زور ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى بەردى. قىز شاھزادىگە يۈز مىڭ ناز ـ كەرەشمە ئەيلەپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

كېلىپدۇرسەن ماڭا مېھمان بۇنى نۇر جەھان ئەتكىل،
مەنى كۆردۈڭ شەرابىم بەسى بىر شادىمان ئەتكىل.
بىزنىڭدەك كۆيمەگەن يوقتۇر جەھاندا بۇ فەلەك بىلگەي،
كېلىپ جەمشىدى يا بەھرام سۇلتانى جەھان ئەتكىل.
مەن ھەم كى تاجىزەر بولدۇم جەمالىڭ مۇنتەزىر جانغا،
ئوشۇل ۋەقتىكى يا پىرىم ۋەيا قايسى زەمان ئىچگىل.

شاھزادە مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

يۈزۈڭنى كۆرسەم جانان ئەگەر كۆرسەم بۇ جانىمنى،
كىشى بىلمەس ئەردى كاشكى بۇ نامۇ نىشانىمنى.
فەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى مېنى بۇ دەشتىدە ھەيران،
يۈزۈڭ كۆردۈمكى مەن قىلدىم نىسار ئىككى جەھانىمنى.
جەھانىم دىلبەرى جانىم سەتىرەڭ كۆرمەدىم زىيبا،
ئىشەندىم ئول خۇدايىمغا بىرۇر سۆز زەبانىمنى.
نىگارا ئوشبۇ رەئنايى بۇ مەيدىن بىر ئىچىپ ئۆتسۇن،
سېنىڭ يولۇڭدا تەرك ئەتتىم بۇ يولدا خانۇ مانىمنى.

ئۇلار خۇشاللىق بىلەن گاھى باغ سەيلىسى قىلار ئىدى، گاھى شاراب ئىچەر ئىدى. مۇشۇ خىلدا ئەيشى ئىشرەت بىلەن تا قىرىق كېچە ـ كۈندۈزگىچە شادىمان يۈردى. شاھزادە خۇشاللىق بىلەن مۇنۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ئەي يار، يۈزۈڭ كۆردۈم مەن شاد بولۇپمەن،
گۆھەرنى تاپماي يۈز مىڭ جەفا كۆردۈم شەمشاد بولۇپمەن.
ھەيران، سەراسىم، رەنج كۆڭلۈم كۆردۈڭمۇ ياراسىن،
باغرىمنى ياقىپ تاغ سارى فەرھاد بولۇپمەن.
ۋەيرانە، ھەيرانە ئىدىمۇ تاغ ئارا بىسيار،
ئەي يار يۈزۈڭ كۆردۈم مەن شاد بولۇپمەن.
ھەر چەند جەفالار ماڭا ئىشقىڭ سالىپ ئۆتتى،
ئىشقىڭ سالغان جەفا بىرلە ناشاد بولۇپمەن.
بىلمەي گۇناھىم فۇرقەت ئوتىدا كەباب بولدۇم،
رەئنايى يۈزۈڭ كۆردۈم ئاباد بولۇپمەن.

قىز مۇنۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

كۆڭلۈم ساڭادۇر دىلبەر قىلدىڭ مېنى شەيدا
ئول ئەيلەدىڭ ئەفكار.
گۇلزار ئىچرە سەن ئەي دىلبەر رەئنا
كىم ئافەتى گۇلنار.
ئايدەك جەمالىڭ يانا ئوتلارنى ياقىپ
كۆيدۇرگەلى تۇردى،
بولدۇم ئەجەب بىر يولى دىۋانە جانان
ھۇسنۇڭگە گىرىفتار.
بۇ كۆھنە جەھان سەفھەسى غەددار ئىكەندۇك
ھىجران ئوتى بىسيار،
زەررە تۇتاشىپ بولسا توپان كەبى دەريا
جەھاننى ئۆرتەر.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئىشتايلى، ھىندىستان پادشاھى كەتۇر ھىندىنىڭ ئوغلى نەمەكتۇر ھىندى ئۇنىڭ ئوغلى تۇر ھىندى ناھايىتى باتۇر بولۇپ، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ دەۋر سۇردى. ئۇ بۇ شەھەرگىمۇ باج ـ خىراج تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ھەمدە باج بەرمىسە يۇرتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاشال پادشاھى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلىنىپ: «مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام ھىندىلارغا باج ـ خىراج بەرگەن ئەمەس، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا باج ـ خىراج بەرگۈدەكمەن. ئەگەر جەڭ قىلسا نەيزەم بىلەن ئۆلتۈرىمەن ...» دەپ ئەلچىلەرنى ياندۇردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ھىندىستان تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. جاڭگالى مازەندەراندا ئابىھاياتتىن تاتلىق سۇلار ئېقىپ تۇرغان بىر يەردە بىر توپ ئادەملەرنى كۆردى. بۇلار كىچىك باللاردەك بولۇپ ئۈمىلەپ يۇرۇشەتتى. شاھزادە بۇلار رودۇپايلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆردۈم جەھان ئۇچرادى ئەمدى رودۇپايلار،
قۇدرەتلىك ئاللاھ ياراتىپتۇ ئۇشبۇ گادايلار.
يوقتۇر يانا بىر دىلبەرى مەھۋەش سەندەك،
بولسۇنكىم ئەگەر يۈز مىڭ ئايۋان ـ سارايلار.
ئەي خاجە دەرد بىرلە ھالىڭغە ھېچ ئىشەنمە،
ئۆتتى ئىشەنىپ سەن كەبى يۈزمىڭ بايلار.
رەئنايى قىلىپ بوينۇڭغە شەيتان دار ئەيلەر،
ئەي بەندە ئاسىي تولا سەن قىلما گۇنالار.

رودۇپايلارنىڭ قولىرىدا نەيزە ۋە ئارغامچىلار بار ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ شاھزادە ئۆزىنى دەرەخ ئۇستىگە ئالدى. رودۇپايلار دەرەخنى ئوراپ يىلتىزلىرىنى چېپىپ، قۇرۇتۇشقا باشلىدى. شاھزادە بىر نەچچە كۈن دەرەخ ئۇستىدە مېۋە يەپ كۈن ئۆتكۇزدى. ئەمما،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرەخنىڭ مېۋىلىرىمۇ تۆكەپ، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. شاھزادە يەنە بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى. رودۇپايلار كېچە ــ كۈندۈز كۆزىنى يۇمماي ساقلاپ تۇرار ئىدى. شاھزادە ناھايىتى خاپا بولۇپ ئاخىر «مۇشۇ رودۇپايلار قولىدا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن» دەپ دەرەختىن چۈشتى. رودۇپايلار ئولاش ــ چولاش كېلىپ شاھزادىنى چىرماپ ئالدى. ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا نەيزىلىرى بار بولۇپ، شاھزادىگە سانجىشقا باشلىدى. قورسىقى ئاچقان رودۇپايلار كېلىپ شاھزادىنىڭ قېنىنى شورار، قورسىقى تويغانلىرى شاھزادىنى مىنەر ئىدى. شاھزادە مۇشۇ ئازاب ــ ئوقۇبەت ئىچىدە يۈرۈپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئاچسا قورساقى رودۇپايغا ئىچەرگە قانىم بار،
ھارغاندا مىنگەلى مېنىڭ بۇ خەستە جانىم بار.
دۇنيا ئىشى تويغازدى مېنى ئەمدى نە ئەيلەي؟
ئۆلمەكنى تىلەپ قىلغان ئىشىمدىن مېنىڭ ئاتىم بار.
بۇ ئالەم ئارا يۈرمەكىم زەررە خەلىلدۇر،
سۇلتانى جەھان ئۇۋەيس قەرىندەك ئاشيانىم بار.
ھەر رەنج مۇشەققەت ماڭا راھەت ئېرۇر ئانداغ،
بىر نەچچە ...... كېسەل ھەم مەجازىم بار.
كى بۇ ئەندىشەدە كۆڭلۈڭنى ئالەمدىن جۇدا قىلغىل،
كويىدا گەر بىھۇش قىلساڭ ئۇ ئالەم بارايىم بار.
تەركى ئىشق ئىزدەرسەن كى ئول ئەقلىدىن كەچ،
ئۈمىد ئەتسەڭ يېقىنلىق بەلاغە مەرھەبايىم بار.
ياد ئەيلىسەم ئول ئاتى مۇھەممەد مۇستەفا مەھشەر
قىلغۇچى شەفائەت ماڭا ئەھمەدۇ ئەدھەم بار.
ئى بارا خۇدايا، رەھىم ئەت مەن رەئنايى جەھاندارغە،
ئەرمىشكى نۇرى مۇھەممەدكى شەفائەتخاھىم بار.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى قىزدىن ئاڭلايلى: شاھزادە قىزنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قىز يۈز مىڭ نالە ــ پىغانلار بىلەن قالدى. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى. پادىشاھمۇ ناھايىتى غەمكىن بولدى. شاھزادە ئۈچ ئايدىن كېيىن رودۇپايلاردىن قۇتۇلدى ۋە مۇنۇ مۇستەھزادنى ئوقۇدى:

ئىشقىڭدا سىنىڭ يۈردۇم ئاتىڭ كەرىمدۇر
زەخىم تولا بىسيار،
شەيتانغا مۇھەببەت ئوتى تىغ تەبەرىمدۇر
بولماس ماڭا دۇچار.
بۇ ئەفغانلار ماڭا گويا ياشىم دەريايى مۇھىتدۇر
بولۇپ شەرمىسار،
قىلماڭكى گۇمان بەلكى مېنىڭ ھەسسەم تەرىمدۇر
بۇ غەمگە گىرىفتار.
بۇ زۇلم ــ جەفالار ئەيلەدى ھىجران ماڭادۇر

جاننى كۆيدۈرەر،
ئۆلمەككى نىتەي ئەمدى ئۇشبۇ ھەم خەبەرىمدۇر
يوقتۇر ماڭا دىشۋار.
ئول دىلبەرى جەفالار قىلدى ماڭا جانغا زۇلۇمدۇر
يوقتۇركى غەمخار،
بۇ زۇلم ـ جەفا دىل ئارا شەھدۇ شەككەرىمدۇر
رەئنايى جەھاندار.

شەھزادە شەھرى ئاشال تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ مەست ۋە جۇنۇن ھالدا ئىككى ئاي يول يۈرۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۇ ئاشىقنى كۆردى كۆزۈڭ نىش ئۇرا قالدى،
ھاڭۋاقتىگە ھەيران بولۇپ شۇك تۇرا قالدى.
ھەيران ھەيال بەھرىدە ئاشىق ئاقا قالدى،
غەمنىڭ قاناتى كۆڭلۈمگە ھىجران قاقا قالدى،
ئوتلارنى يۈرەكىمنىڭ قامۇشىغە ياقا قالدى.

ئەي يار لەبىڭ ئابى كۆڭۈلگە ئەسەلدۇر،
مەجنۇن بىلەن فەرھاد ماڭا ئەمدى ئىجىلدۇر،
بۇ لەشكەر كوھنە ماڭا گويا تەبەلدۇر،
ھىجران غەمىيدىن كۆڭلۈم بىسيار كىسەلدۇر،
ئۇشبۇ كىسەلىم بەلكى تىۋىپلار جەلا قالدى.

ھىجران ...... نىڭ ...... بىرەدۈرمەن،
كۆرسەم جەمالىڭ كۆڭۈلنى ... دۈرمەن،
ھىجران شامالى تەگدىكى ئۆمەرا تارادۈرمەن،
...... سىنىڭ قاشىڭغا بارادۈرمەن،
گۇمراھ بولۇپ بەلكى يۈزۈم ھەم قارا قالدى.

بۇ ئىككى جەھان مۈلكىدە دىلدارىم سەنسەن،
گۈلشەنى چەمەن ئارا گۈلزارىم سەنسەن،
جان كىشۋەرىدە بەرگۈچى جان نازىم سەنسەن،
مەھشەر كۈنى ھەم يارىم ۋەفادارىم سەنسەن،
ئاجىزلىقىدا كۆڭلۈم يادىڭ تۇتا قالدى.

كۆڭۈلنى جاھان سەفھەسىغە تار قىلىپ بۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەيران سەراسىم ھەم زار بولۇپ بۇ،
دەۋزەخ ئوتىدىن كۆڭلىنى كەم تازا ئۇلۇپ بۇ،
سەندەك كى جەفاگەرنى دىلدار قىلىپ بۇ،
دىل ئازارىنى قىلىپ ئۆزىگە بارچە ئۆتە قالدى.

ھالىمغە يېتىڭلار گەر بولساڭكى مۇسۇلمان،
بۇ زۇلمى ھىجران مەنىكىم ئەيلەدى ۋەيران،
جانىمنى ئالىپ ئول ئوتى ئۆلتۈردىكى ھەرقان،
قالدى ھەممەلەر ئۇشبۇ جەھاندارنىڭ ھالىغە ھەيران،
فەرياد ئېتىپ ھىجر ئارا ئولتۇرا قالدى.

شاھزادە قىزنى ئىزدەپ ئاخىر ھېلىقى چاھار باغقا كەلدى ۋە باغنىڭ ئىشكىدە تۇرۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كى سارغايىپ ئىشقىڭنىڭ تەبئىدىن خەزان كەلدىم،
جەمالىڭ كۆرگەلى جانان بولۇپ مەن خەستە جان كەلدىم.
خەيالىمنىڭ قاراسىدىن تولا كۆنلەر ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ تەۋبەمنى ئەدا قىلماي ھەمدە سەۋدا جەھان كەلدىم.
سېنىڭ ئىشقىڭدا تا كەزدىم جەھان، ئۇمۇدسىز كىشى بارمۇ،
يوق ئىكەن رۇمۇ ئىراق، ئىسكەندەرى مازەندەران كەلدىم.
بۇ رەئنايى غەمىڭنىڭ ماجىراسىدىن ئامان تاپماي،
كۆڭۈللەر تەپتەسىدىن ھەممە بىسيار قانا كەلدىم.

شاھزادىنىڭ نىداسى دەرھال ئاپتابى تاجىزەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى ۋە ھوشىدىن كەتتى، يەنە ھوشىغا كېلىپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مېنىڭ قاشىمغە سەن كەلسەڭ جەھان دىلبەر كەلگىل،
جانىم خۇشلۇقى بەلكى غەمىم ئۈستۈن بەلا كەلگىل.
سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن دائىم فىراقىڭدا ئەدا بولدۇم،
ھەممە ئاشىقلارنىڭ تاجى زوھۇرى بىر گەدا كەلگىل.
بۇ ۋەقت ئۈستىخانىمنى ئۇچۇردى زەررەدەك قويماي،
يۈزۈڭ كۆرۈپ، ئاشىقمەن جانان ئەجايىب مۇبتەلا كەلگىل.
جەھاندىن ئۈستىلار بىسيار ھەيرەتلەر قىلىپ ئەرمان،
كېلىپسەن تاجىزەر كۆزىگە كۆرۈنۇر نىھان كەلگىل.

مەلىكە باغدىن چىقىپ شاھزادىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ بىھوش بولدى. شاھزادىمۇ بىھوش بولدى ۋە يەنە ھوشلىرىغا كېلىپ، بويۇنلىرىغا قول سېلىپ قۇچاقلىشىپ، يۈز مىڭ نازۇشۇۋەلەر بىلەن بوستانلىقتا ئولتۇرۇشتى. قىز شاھزادىگە زىياپەت بەردى. بۇ خەۋەر پادىشاھقا ئاڭلاندى. پادىشاھمۇ خۇش بولۇپ شاھزادىنى كۆرگىلى كەلدى ۋە تويغا تەييارلىق قىلىشقا تۇتۇندى. توي تەييارلىقى پۈتۈپ، تەخ بولدى. قىز ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن «ئەمدى يىگىت ئېغىز ئاچسا بولاتتى» دەپ تۇرار ئىدى. شاھزادە قىزغا: «سىزنى ئېلىشنى ئىستەيمەن» دېدى. قىز: «تويلۇققا نېمىڭىز بار؟» دېۋىدى، شاھزادە: «ھېچ نەرسەم يوق، ئاتا - ئانىڭىز سىزنى ساتماقچىمۇ؟» دېدى. قىز: «ئۇنداق بولسا ماڭا كۆيمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. شاھزادە: «مەن نەقىشكە كۆيمىدىم، نەققاشقا كۆيدۈم» دېدى. قىزنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر خىيال كىردى ۋە: «مېنى ئاتام چوقۇم سىزگە بېرىدۇ» دېدى. شاھزادە ھەممىنى ئۇنتۇپ شەھەردىن چىقىپ باياۋانغا قاراپ كەتتى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

گۈلگە يەتسە يانا خوپلاشىبان يارىمە كەتسەڭ،
كەلدىڭ ئاچىلىپ بۇلبۇل گۈلزارىمە كەتسەڭ.
جانىمنى ئالىپ ئۆرتەدىڭ ئەمدى نېتەيىن،
...... ئىلە بۇ تابانىمە كەتسەڭ.
ئەي جانۇ جەھان ئىككى جەھاندا تاپتىم سېنى،
جان ئالغۇچى كەلدىڭ دىلدارىمە كەتسەڭ.
بۇ تاجىزەر ئايدى ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇر،
گۈلگە يەتسە يەنە زۇلمەت ھەيۋانىما كەتسەڭ.

ئەلقىسسە، ھىندۇدىن كەلگەن ئەلچىلەر ھەممىسى دەريادا غەرق بولۇپ كەتكەچكە، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتەلمىدى. ھىندۇ پادىشاھى «ئەلچىلەرنى ئاشال پادىشاھى ئۆلتۈردى» دەپ ئويلاپ، ناھايىتى كۆپ ئەسكەر بىلەن ئۈچ-ئاي يول يۈرۈپ، شەھىرى ئاشالغا كېلىپ چۈشتى. پادىشاھ شاھزادىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى مەيۈس بولۇپ قالدى ۋە: «ئەمدى بولار ئىش بولدى، ئامال يوق» دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا «ھىندىستان قوشۇنلىرى كېلىپ شەھەرنى قورشىۋالدى» دېگەن خەۋەر كەلدى. پادىشاھ ناھايىتى غەمكىن بولدى. بۇنى ئاڭلىغان قىز: «شاھزادە ئەمدى شەھەرگە كىرەلمەيدىغان بولدى» دەپ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ، داد - پەرياد چېكىشكە باشلىدى. ياساۋۇللار دەرۋازىلارنى مۇستەھكەم ئېتىپ، پوستا تۇرۇشقا باشلىدى. شەھەرنى پۇختىلاپ مۇداپىئەنى كۈچەيتتى. شاھزادە بولسا باياۋاندا كېتىۋېتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۆمرۈم ئاخىرىغا يەتتى ئەمدى مەن ئۆلەدۇرمەن،
نەيلەيكى بۇ دەم دەشتى فەناغە بارادۇرمەن، .
بۇ ئىشقى مۇھەببەت ئوتىدىن زەررە ئالادۇرمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭغا رازىبان دەۋزەخ ئوتىغا سالادۇرمەن،
بۇ مۇلكى ئەدەم يولىدا ھەيرانە قالادۇرمەن.

نەيلەيكى جەھان سۇفرەسى ئۇمرۇمنى ئۇزارتتى،
بۇ مۇلكى ئەدەم يولىدا يۇرگەنلەرگە قاتتى،
كۆڭلۇم ئوتلارى ئىشقى مۇھەببەت لاۋنى ياقتى،
بۇ ئاشىقى بىچارە مۇھەببەتى بىتاقى،
مەستلىك بىلەن بۇ دەشتى فەنا يۇرەدۇرمەن.

ئەي يار، سىنىڭ كۆڭلۈك بىسيار ئالا كۆردۇم،
كۆڭلۇمگە ئىشق ئوتى غەۋغا سالا كۆردۇم،
دىلدار ئارا بىسيار مەن ھەم ماجەرا كۆردۇم،
ئىشقىڭ جەفالەرىگە مەن ئاشىق تولا كۆردۇم،
ئەمدىكى نىتەي مەن سەندىن بىزار بولادۇرمەن.

جانىم ئارا ئوتلار سالادۇر كۆزلەرى دىلبەر،
يا جانغا ئېرۇر زەھر ئىلە يا ئىككى نەشتەر،
كۆرگەن كىشى ئافەتى جان نۇرجەھاندۇر،
يا كۆردۇم ئانى ھەيھات .........
رەئنايى كۆرۈپ ئالدىدا جانىم قويادۇرمەن.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوتۇنچى شاھزادىنى كۆرۈپ ئۇنى چاقىردى ۋە:
— ئەي يىگىت، نىمە بىغەم ئولتۇرىسەن، بۇگۇن كېچە كىتۇر ھىندى ناھايىتى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن شەھەرنى قورشىۋالدى. ھەممە ئادەم لەشكەرلىككە توپلاندى. مەن ئوتۇن ئېلىپ بارغاندىم، دەرۋازا مەھكەم تاقاقلىق ئىكەن، ئۇزۇم ئاران قېچىپ بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. ئېشىكىم بىلەن ئوتۇن شۇ يەردە قالدى. چاپسان قاچ، — دېدى. شاھزادە:
— مەجنۇن ئۆلۈمدىن قورقماس، قويۇن توپىدىن، — دېگىنىچە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى. شەھەرگە يېتىپ بېرىپ قارىسا، كىتۇر ھىندىنىڭ ئەسكەرلىرى جەڭ قىلىۋاتقان ئىدى. بىر نەچچە كىشى كېلىپ شاھزادىنى تۇتۇپ پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ شاھزادىدىن:
— سەن نىمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— ئاشال پادىشاھىنىڭ قۇلىدۇرمەن، — دېدى. پادىشاھ پەرمان بېرىپ «دەرۋازا ئالدىغا ئەپچىقىپ ئۆلتۇرۇڭلار» دېدى ۋە ئۆزىمۇ بىللە باردى. جاللاتلار شەمشەرلىرىنى كۆتۈرۈپ، شاھزادىنى يوغان زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ ئېلىپ ماڭدى ۋە شاھزادىنى دەرۋازا ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھمۇ كەلدى. ئۇ بىر بەدقىلىق نابىكارنى بۇيرۇپ شاھزادىنى

شەھەر ئالدىدا شەھىد ئەيلەدى. ھەممە خەلق «ۋادەرىغ» دەپ نالە قىلىشتى. شاھزادىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. شاھزادىنىڭ جەستىدىن ئاۋاز كېلىپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئەييۇھەنناس، ئاڭلاڭىز دۇشمەنلەر ئۆلتۈردى مېنى،
ئول نىگارىم كويىدا بىسيار كۆيدۈردى مېنى.
بۇ جەھاننىڭ لەززەتىدىن ئەمدى كەتتىم بىلمەدىم،
بۇ فاسىق كىتۇر ھىندى باشىمنى كەستۈردى مېنى.

بارساڭ بادى سەبا شەھرى قەرىن قىلغىل بەيان،
پادىشاھى ھىندى شەھىد ئاجىز قىلدۇردى مېنى.
ئۈشبۇ رەئنايى ئۆلۈمدىن مەي تۇتۇپ بولدۇم ئەمان،
بۇ جەھان غەددارىكىم باشىمغە تىغ ئۇردى مېنى.

ئاپتابى تاجىزەر بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئولتۇرۇپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

جانىم ئۆرتەندى بۇ دەم ئەي دىلبەرى جان كەلمىدىڭ،
تىرگۈزۈپ بۇ جانىمى تەنگە ھەيۋان كەلمىدىڭ.
لەبلەرىڭ گەۋھەر ئېرۇر سۆزلەرىڭ شەككەر ئېرۇر،
جان، كۆڭلۈمنى كۆيدۈرۈپ كۈلبەمغە جەھان كەلمەدىڭ.

شاھزادىنىڭ شەھىد بولغانلىقىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. دۇشمەنلەر شەھەرنى ئېلىپ ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، شاھنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھىندىستان مەملىكىتىگە كەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شاھزادىنىڭ ئىنىسى چۈشىدە شاھزادىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا شاھزادە بېشىنى قولىغا ئېلىۋالغان ھالەتتە بۇ بېيتنى ئوقۇپتۇ:

قانىم ئالغىل دۇشمەنىمدىن مېھرىبان جانىم ئۇكام،
ھەم قېرىنداش مۇنىسىيم سەن، سەن يەنە جانىم ئۇكام.
ئۆلتۈرۈپ قىلدى شەھىد ئەمدى نېتەي بۇ زەڭگىلەر،
مېھرىبان بولغىل ماڭا بۇ دەمدە يارانىم ئۇكام.
كېچەلەردە ئۇيقۇ يوق بىدار ئىدىم شامۇ سەھەر،
ئۆلتۈرۈپ قىلدى ئازاب، دەردىمغە دەرمانىم ئۇكام.

شاھزادىنىڭ ئىنىسى پۈتۈن يۇرت خەلقىنى، پېقىر - مىسكىنلەرنى يىغىپ نەزىر - نىيازلار قىلىپ، ئاجىز - يېتىملارغا سەدىقە قىلىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ ھەققىدە خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# سۇلتان سەنجەرى

(چۆچەك)

بەلخ شەھىرىدە سۇلتان سەنجەرى ئىسىملىك بىر شاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ناھايىتى خەلقپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ ئىكەن. كۈندۈزى خەلقنىڭ داد ـ ئەھۋالىنى سورايدىكەن، كېچىلىرى قەلەندەر سۈپەت ياسىنىپ شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ، كىملەرنىڭ زۇلۇم ـ ئوقۇبەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، كىملەرنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتتە پاراغەت سۈرۈۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ كوچا ئايلىنىۋېتىپ، بىر موماينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. موماي ئىشىكنى ئىچىدىن ئېلىپ قويۇپ، چىراغ يورۇقىدا يىپ ئېگىرگەچ توختىماي: «ئەي باراخۇدايا، بىزگە بىر زالىم پادىشاھنى سۇلتان قىپتىكەنسەن. ئۇ يا تېزراق ئۆلمىدى، يا مەزىنلەرنىڭ جېنىنى ئالمىدىڭ. ئەي ئىگەم، ئەگەر بۇنىڭغا قۇدرىتىڭ يەتمىسە، جازانىخورلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساڭ» دەۋاتقۇدەك. بۇنى ئاڭلىغان شاھ دەرغەزەپ بىلەن موماينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ. موماي يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ ـ دە، قەلەندەر سۈپەت، بېلىگە خەنجەر ئېسىۋالغان پادىشاھنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قېرى، نېمە ئۈچۈن پادىشاھ بىلەن مەزىننى قارغاپ، جازانىخورلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— پادىشاھنى قارغىشىمدىكى سەۋەب، بۇ ھەپتىدىن ئۇ ھەپتىگىچە يىپ ئېگىرىپ، شۇ يىپنىڭ پۇلى بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتىم. لېكىن يېقىندىن بېرى بىر ياساۋۇل كېلىپ، «پادىشاھنىڭ يارلىقى» دەپلا يىپنى ئېلىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. شۇ ۋەجىدىن پادىشاھنى قارغايمەن. مەزىننى قارغىشىمدىكى سەۋەب، ئۇ تېزراق ئۆلۈپ، يەنە بىر كىشى ئۇنىڭ ئورنىغا مەزىن بولۇپ، ساۋابقا ئېرىشسە دەيمەن. جازانىخورغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىمدىكى سەۋەب ئۇ ئۆلمىسە، يەنە بىرى جازانىخور بولماسمىكىن، دەيمەن، — دەپتۇ.

— ئۇ ياساۋۇل قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ھەر ئازنە ئاخشىمى كېلىدۇ، — دەپتۇ موماي.

پادىشاھ باشقا گەپ قىلماستىن ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. ئازنە ئاخشىمى كېلىش بىلەنلا ئۇ ھېلىقى موماينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، پىنھان بىر جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بىر ئاتلىق ياساۋۇل كېلىپ، ئېتىنى ئىشىك ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، موماينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ پىنھان جايدىن چىقىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. ياساۋۇل موماينىڭ بىر ھەپتىدىن بېرى ئىگىرگەن يىپلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. موماي پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ مەھەل پادىشاھ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ: «كىم سەن؟!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ياساۋۇل پادىشاھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئېتىغا مىنگىنىچە شەھەر سىرتىغا قاراپ قېچىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا كەلگەندە ياساۋۇل تولۇمغا ئايلىنىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

دەرغەزەپ بولغان پادشاھ ئىلاجىسىز ئوردىسىغا قايتىپتۇ. ئەتىسى ئۇ پەرىشان ھالدا ئولتۇرغانىكەن، ساراي ئۆلىمالىرى كىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. پادشاھ يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— شۇ قۇدۇقنىڭ بېشىغا چېدىر تىكىپ بېرىڭلار، مەن ھېلىقى ياساۋۇلنى ساقلاپ باقاي، — دەپتۇ. ئۆلىمالىرى ئىچىدە ھەسەن يەمەندى ئىسىملىك بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ:

— ئەي ئالەم پاناھى شاھىم، ھەرقانداق بالا كەلسە ئاۋۋال ۋەزىرگە كېلىشى، ئاندىن پادشاھقا كېلىشى لازىم. شۇڭا، مېنى ئارقان بىلەن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈڭلار. مەن قۇدۇقنىڭ تېگىدە قانداق سىرلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ چىقاي، — دەپتۇ. پادشاھ ماقۇل بولۇپ، ئوردا ئەھلىنى باشلاپ ھېلىقى قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ، ۋەزىرنى ئارقان بىلەن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ.

ۋەزىر قۇدۇق تېگىگە يېتىپتۇ. قۇدۇقنىڭ تېگى شۇنداق ئىسسىق ئىكەنكى، تەرىپ قىلغۇسىز دەرىجىدە ئىكەن ۋە بىر يول بار ئىكەن. ۋەزىر بىرمۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئېرىقلىرىدا سۇ ئېقىپ تۇرغان، تال - تېرەكلىك بىر جايغا كەپتۇ. ئۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر دەرۋازا كۆرۈنۈپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە بىر كۆل بولۇپ، بويىدا بىر شاھانە سۇپا بار ئىكەن. ئۇ شاھانە سۇپىدا ئولتۇرغانىكەن، بىر كېنىزەك پەيدا بولۇپ: «ئەي مېھمان، ئۆزلىرىنى مەلىكىمىز چىللايدۇ» دەپ ئۇنى باشلاپ مېڭىپتۇ. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن قۇلىقىغا جام - قەدەھلەرنىڭ جاراڭلىشى، ساز - ناۋانىڭ يېقىملىق ساداسى ئاڭلىنىپتۇ. لېكىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. مەلىكە: «ئۇنىڭ كۆزىگە سۇلايمان سۇرمىسىنى تارتىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر سۇرمىدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، سەپ - سەپ پەرىزاتلار ئولتۇرغۇدەك. بەزىلىرىنىڭ قولىدا شاراب، بەزىلىرىنىڭ قولىدا زىق كاۋىپى، بەزمە بولۇۋاتقانمىش. سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە بىر مەلىكە ئولتۇرغانمىش. ھەسەن يەمەندى كۆز قىيرىقىدا مەلىكىگە قاراپ:

بىر قىيا باقتى نېتەي كۆز ئۇچىدا سەنارە،
ناۋەكى ئوقلارى قىلدى يۈرەكىمنى سەدپارە.
پەرىۋەشلەر ئەمدى بۇ دەردىمگە قىلىڭ چارە،
قىلغۇم ئۆزۈمنىڭ سىينەم يۈز پارە - مىڭ پارە.
ئەمدى نەيلەي بۇ پىراقىنىڭ دەردى - ئىشتىياقىنى.

دەپ بېيىت ئوقۇپلا كەپتەردەك موللاق ئېتىپ يىقىلىپتۇ. بىرەيلەن كېلىپ دىمىغىغا دورا خۇشبۇيىنى پۈراتقانىكەن، بىر چۈشكۈرۈپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئاندىن مەلىكە:

نىگاھ ھۆسنۈڭ ھۆسن رازىياق دارەد،
چىراكى بار خەزان ئافەت گۈلىستان ناسەد.

دەپ بۇ بېيتنى ئوقۇپتۇ. ئاندىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن.

— سۇلتان سەنجەرى مازىنىڭ ۋەزىرىمەن.

www.uyghurkitap.com

— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟

— شاھىمىز سىلەرنىڭ نامىڭلارنى ئاڭلىغانىكەن، ئۇ مېنى سىلەرنىڭ مەملىكىتىڭلارنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مەلىكە، — بۈگۈن كەچ كىرىپ قالدى. ئولتۇرغانلاردىن كىمنى خالىسىڭىز، بىرسىنى ئېلىپ چىقىپ قونۇپ قېلىڭ. باشقا گەپنى ئەتە دېيىشەيلى.

— ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ ۋەزىر دەرھال، — مېنىڭ بۇ ئاۋارە كۆڭلۈم سىزدىن ئۆزگىنى نە خالىسۇن؟

— ئۇنداقتا مېنىڭ شەرتىم شۇكى، — دەپتۇ مەلىكە، — ھەرقانداق كىشى مېنى ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم ئۇيقۇمدىن ئويغىتالىسا، ئاندىن شۇنىڭ بولىمەن. ئويغىتالامسىز؟

— ئاياللارنى ئويغاتماق ئاسان، — دەپتۇ ھەسەن يەمەندى.

مەلىكە چۇمبىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ھەسەن يەمەندى سىرتقا چىقىپ، بىر سائەتتىن كېيىن كىرىپ، ئاجايىپ گۈزەل ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن مەلىكە ھېچ تەۋرىمەپتۇ. ۋەزىر: «بۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر سۆيۈۋالمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، چۈمبىلىنى قايرىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە مەلىكە قاتتىق بىر كاچات سېلىۋېتىپتۇ. ھەسەن يەمەندى شۇ بىر كاچات بىلەن ئۈچۈپ چىقىپ، قۇدۇق بېشىدىكى شاھ چېدىرى ئىچىگە چۈشۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ۋەزىر ھوشسىز ياتقۇدەك. پادىشاھ سەنجەرى قاتتىق ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا دورا خۇشبۇيىنى پۇرىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ۋەزىر ئەتراپىدا تۇرغان پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە قاراپ يىغلاپ بۇ بېيتنى ئوقۇپتۇ:

ئول پەرى ۋەسلىگە يەتمەكنى قىلۇرمەن ئارمان،
ھېچكىشى يەتمىدى بۇ دەردىمگە دەرمان.
ئەرزىمنى ئايتىپ ئۆلسەم يوق ماڭا ئارمان،
بولۇبان كەتكۈم ئېرۇر ئەمدى بىر سەرۇ سامان،
يەتمىدىم ۋەسلىگە مەن ئۇشبۇ يولۇمدۇر يىراق.

— يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۆزلىرى كۆرمىگۈچە ئىسپاتلاپ بەرمەك تەس، — دەپتۇ بېيتتىن كېيىن. ئاندىن سۇلتان سەنجەرى:

— مېنى قۇدۇققا چۈشۈرۈڭلار! بىر يىلغىچە كۈتۈڭلار. بىر يىلغىچە چىقمىسام، ئاش ـ سۇيۇمنى بېرىۋېتىڭلار، — دەپتۇ.

پادىشاھ قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپتۇ. قۇدۇق تولىمۇ قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىر دەمدىن كېيىن بىر دەرۋازا، بىر ئېرىق ۋە شاھانە سۇپا كۆرۈنۈپتۇ. كىرىپ قارىسا، نامازدېگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن تەرەت ئېلىپ، شاھانە سۇپىغا چىقىپ نامىزىنى ئادا قىپتۇ. كېيىن سۇرە فاتىھەنى ئوقۇپ ئولتۇرسا، بىر ئاي يۈزلۈك، ئاپتاپ تەلئەتلىك بىر كېنىزەك چىقىپ، سۇ ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن يەنە چىقىپ: «مەلىكە چاقىرىدۇ» دەپ باشلاپ مېڭىپتۇ. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭمۇ قۇلىقىغا تۈمەن تۈرلۈك نەغمە ـ ناۋا، ھەزىل ـ چاقچاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئەمما كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. پەرىلەر مەلىكىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۇرمە سۇلايماننى تارتقۇزۇپ روشەن قىپتۇ.

پادىشاھ قارىسا گويا ئىشق ئوقىنى بىر ئاتسا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈدەك گۈزەل، نازىنىن پەرىزاتلار ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ ھەيرانلىقتا سارا سىمىگە چۈشۈپ قالغان ئىكەن، مەلىكە:

ئەز پەرى پەيكەر بىيارگوشە چەشمى نەشىن،
جانكى باشەد بىر گۈفتار چەشمە ھەر جايى پەرى.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ «كېلىڭ شاھ!» دەپتۇ.

پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، بىر گۈزەل مەلىكە ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر ئىچىدە تەختتە ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھمۇ تەخت ئۈستىگە چىقىپ قارار تېپىپتۇ. پەرىلەر مول داستىخانلار يېيىپ، شاھنى مېھمان قىپتۇ. ئاندىن مەلىكە:

— ئەي شاھىم، بۇ كېنىزەكلەردىن خالىغىنىڭىزنى تاللاپ ئىستىراھەت قىلغايسىز، — دەپتۇ.

— سىز پەرىلەر پادىشاھى، — دەپتۇ سەنجەرى، — مەن بولسام ئادىمىزاتنىڭ. شۇڭا، شاھقا - شاھنى جۈپ قىلىشىڭىز كېرەك.

— مېنىڭ بىر شەرتىم بار، ئورۇندىيالىسىڭىز قوبۇل قىلاي، — دەپتۇ مەلىكە ئاۋۇالقىدەك.

— ئىنشائاللا، بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ. مەلىكە يەنە:

— سىزمۇ ھەسەن يەمەندىگە ئوخشاش بىئەدەپلىك قىلسىڭىز، دۆۋلەرگە بۇيرۇپ سىلەرنى بىر تاغقا تاشلاتقۇزۇۋېتىمەن. ئۇلار ئۈستىخانلىرىڭىزنى كۆكۆم - تالغان قىلىۋېتىدۇ. ھەسەننى سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ، چېدىرىڭىزغا تاشلاتقۇزدۇم. سىزمۇ ئاگاھ بولۇڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپتۇ. تەرەت ئېلىپ بىر ۋاخ شۈكرانە نامىزى ئوقۇپتۇ. بېشىنى سەجدىگە قويۇپ ئاللاغا مۇناجات بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شۇ زامان ئاسمان تەرەپتىن بىر نۇر پەيدا بولۇپ بىر نۇرانە چىراي كىشى ئايان بولۇپ:

— ئەي پادىشاھ، نېمىگە يىغان چېكىسىز؟ مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ياق، سۇلتانى ئەزەم، تونۇيالمىدىم، — دەپتۇ.

— مەن خىزىر بولىمەن، — دەپتۇ نۇرانە كىشى، — سىزگە باشپاناھ بولغىلى كەلدىم. بىز دوست بولايلى. سىز مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تەكچىدىكى شامدانغا سالام قىلىڭ. ئاندىن تەختكە سالام قىلىڭ. ھېچقايسىسى سىزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما گەپ سورايدۇ، سىز ئاۋازىغا يېقىپ جاۋاب بېرىڭ، — دەپ قويۇپ غايىب بوپتۇ. شۇ ئەسنادا پەرىلەر مەلىكىسى ئويغىنىپتۇ. ئەتراپىنى ئەنبەر پۇرىقى قاپلاپتۇ. پادىشاھ كىرىپ سارايغا سالام قىلغانىكەن «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن خۇش كېلىپسىز، كېلىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شاھ تەكچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىززەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. تەكچىدىن مۇنداق بىر سادا چىقىپتۇ:

«ئەي پادىشاھ! بىر شەھەردە بىر موللا، بىر زەرگەر، بىر خارەت ۋە بىر سەيپۇڭ بار ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپتۇ. بىر مەنزىلگە يەتكەندە، بىر كونا ئۆتەڭدە قونۇپتۇ. كېچىنى تىنچ - ئامان

ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىكتە تۇرۇشقا كېلىشىپتۇ. ئاۋۋال خارەت كۆزەتچىلىكتە تۇرىدىغان بوپتۇ. باشقىلار ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ بىكارچىلىقتىن بىر تال ياغاچنى يونۇپ بىر قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، تامغا يۆلەپ قويۇپ، سەيپۇڭنى ئويغىتىپ قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. سەيپۇڭ قارىسا، بىر قىزنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇدەك. ئۇ: ‹ئەي، نازىنىن› دەپ سالام قىپتىكەن. ھېچ ئاۋاز كەلمەپتۇ. زەن سېلىپ قارىسا، ئۇ خارەتنىڭ ھۈنىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن سەيپۇڭ دەرھال بىر قۇر چىرايلىق كىيىم تىكىپ كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە زەرگەرنى ئويغىتىپ قويۇپ ئۆزى ئۇخلاپ قاپتۇ. زەرگەر بۇ گۈزەل قىزنى كۆرۈپ سالام قىپتىكەن، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇ: ‹بۇ كارۋاندىن ئادىشىپ قېپقالغان كىشى ئوخشايدۇ› دەپ سىنچىلاپ قارىسا، خارەت بىلەن سەيپۇڭنىڭ ئىشى ئىكەن. زەرگەرمۇ ساندۇقىنى ئاختۇرۇپ، قۇلىقىغا بىر جۈپ ھالقا، قوللىرىغا ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنى سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن موللىنى ئويغىتىپ قويۇپ، ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. موللىمۇ «قىزنى» كۆرۈپ سالام قىپتۇ. جاۋاب چىقماپتۇ. كېيىن ئۇمۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، دەرھال تەرەت ئېلىپ خۇدايىتائالاغا: ‹ئەي خۇدا، ھەمراھلىرىمنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ھۈنىرىگە تايىنىپ بۇ ئىشلارنى قىپتۇ. سەن تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ، مۇشۇ ھەيكەلگە جان ئاتا قىلساڭ› دەپ مۇناجات قىپتۇ. ئاللا موللىنىڭ تىلىكىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قىزغا جان كىرگۈزۈپتۇ. ئېيتىڭا شاھىم، بۇ قىز قايسىسىغا تېگىشى كېرەك؟»

— خارەتكە تېگىشى كېرەك، — پادىشاھ شۇنداق دېيىشىگە مەلىكە چاچراپ قوپۇپ:

— ئەي پادىشاھ، شۇنداقمۇ ناھەق گەپنى قىلامسىز؟ ئۇ خارەت ياغاچنى ئادەم سۈرىتىگە كىرگۈزدى. سەيپۇڭ كىيىم كىيدۈرۈپ، زەرگەر زىرە ـ مۇنچاق، ئۈزۈك ـ بىلەزۈكلەر بىلەن بېزىدى. خۇدا موللىنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلدى. شۇڭا، موللىغا تېگىشى كېرەك، — دەپتۇ. پادىشاھمۇ دەرھال:

— ئۇ قىز موللىغا تەگسە، سىز ماڭا تېگەرسىز؟ — دەپ سوراپتىكەن. شۇ ھامان تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇبارەك سادالىرى ياڭراپتۇ. ئەمما مەلىكە:

— ئەي پادىشاھ، سەن ھىيلىگەر ئىكەنسەن، ئەپسۇن ئوقۇپ مېنى ئالداپ ئويغاتتىڭ، ئەمدى ھەرگىز ئويغانمەيمەن، — دەپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پادىشاھ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىر دەم ئۆتكەندىن كېيىن كىرىپ، شامدانغا سالام قىپتۇ. شامداندىن مۇنداق سادا كەپتۇ:

«ئەي پادىشاھ مەن سىزدىن بىر سوئال سورايمەن، راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرىڭ. سەمەرقەند شەھرىدە ئاكا ـ ئىنى ئىككى قېرىنداش بار ئىكەن. ئاكىسى بۇخاراغا ئوقۇغىلى كېتىپتۇ. ئۆيدە قالغان ئىنىسى مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن مال ـ مۈلۈك توپلاپتۇ. ئاكىسى ئۇ يەردە نامراتلىقتا قاپتۇ. ئىنىسى بۇنى ئاڭلاپ:

— ئاكا قايتىپ كەلگىن، ئىنەكنىڭ سۈتىنى بىللە ئىچەيلى، — دەپ خەت يېزىپتۇ. ئاكىسى بولسا:

— مېنىڭ سۈتتىن تەمەيىم يوق، — دەپ كەلمەپتۇ. ئىنىسى بۇنىڭغا قانائەت قىلماي يەنە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئاكىسى ئاخىر قايتىپ كەپتۇ. بۇ دەل سوغۇقنىڭ تازا يامان ۋاقتى ئىكەن. ئۇ ئىنىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ناھايىتى كۆپ قىچقىرىپتۇ. ئەمما ئىنىسى ئىشىكنى ئاچماپتۇ. كېيىن تېخىمۇ ئۈنلۈك چاقىرىپتۇ. ئىنىسى ئاڭلاپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچقۇچە ئۇ بەڭگى خىيالىدا:

— ئىنىم ئادەم ئەۋەتىپ چىللاپ كېلىدۇ، كەلسەم ئىشىكنى ئاچمايدۇ، — دەپ ئاچچىقلاپ، قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئىنىسى چىقىپ

قارىسا، ئىشىك تۈۋىدە ئاكىسى ئۆلۈك ياتقان. ئۇ

— ھەي، خەقلەر ئاڭلىسا، ئاكىسىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېمەسمۇ؟ — دەپ ئۇمۇ ئۆز بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئىنىسىنىڭ خوتۇنى بۇنى كۆرۈپ، خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. شۇ ھامان غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ:

— ئەي مەزلۇم، دەرھال چىقىپ باشلارنى تەنلەرگە جىپسىلاشتۇرۇپ قويغىن، مۇشكۇلۇڭ ئاسان بولغۇسى، — دەپتۇ. ئۇ مەزلۇم جەسەتلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئالدىرىغىنىدىن ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئىنىسىنىڭ تېنىگە، ئىنىسىنىڭ بېشىنى ئاكىسىنىڭ تېنىگە ئۇدۇللاپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر ئىككىلىسى بىردىن چۈشكۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇپتۇ.

ئەي پادىشاھ، ئېيتىڭا، بۇ ئايال باشقا تېگەمدۇ، تەنگىمۇ؟» دەپتۇ. پادىشاھ «تەنگە!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەي پادىشاھ! — دەپتۇ مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ، — مۇنداق ناھەق گەپنى قىلماڭ! ئۇ ئايال باشقا تېگىشى كېرەك.

— ئۇ ئايال باشقا تەگسە، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇنداقتا سىز ماڭا تېگىشىڭىز كېرەك.

سارايىنىڭ تەرەپ - تەرىپىدىن مۇبارەك سادالىرى ياڭراپ كېتىپتۇ. ئاندىن مەلىكە:

— ئەي پادىشاھ مەن جانسىز نەرسىلەر ئارقىلىق سوئال سورىسام سىز تولىمۇ ھېيلىگەرلىك قىلدىڭىز، ئەمدى ھەرگىزمۇ ئويغانمايمەن، — دەپتۇ ۋە يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پادىشاھ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىپتۇ - دە، يەنە تەختكە سالام قىپتۇ. تەختتىن جاۋاب سالام ئاۋازى كەلگەندىن كېيىن، سىناشقا باشلاپتۇ:

«بىر شەھەردە داڭلىق بىر ئوغرى بىلەن بىر يانچۇقچى بار بولۇپ، بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. ئەمما، بىر ئايالنى كېچىسى يانچۇقچى خوتۇن قىلسا، كۈندۈزى ئوغرى خوتۇن قىلىدىكەن. شۇ مەزگىلدە بۇ شەھەرنى قاتتىق باشقۇرۇۋاتقاچقا، ئوغرى بىلەن يانچۇقچىنىڭ ھالى خارابلىششقا باشلاپتۇ. ئوغرى باشقا بىر شەھەرگە كېتىشنى ئويلاپ، ھېلىقى ئايالنىڭ قېشىغا خەيرلىشىش ئۈچۈن كەپتۇ. ئايال يېرىم كۆمەچنى بېرىپ يولغا ساپتۇ. دەم ئۆتمەيلا يانچۇقچى كىرىپتۇ. ئۇمۇ بۇ يەردە ئوقەتنىڭ تايىنى يوقلۇقىدىن ۋايساپ، باشقا شەھەرگە كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئايال كۆمەچنىڭ يېرىمىنى بېرىپ ئۇنىڭغا: ‹مېنى ئۇنۇتماسسىز› دەپ يولغا ساپتۇ.

ئوغرى ئىلگىرى چىقىپ بىر سايىدا ياتقان ئىكەن، يانچۇقچىنىڭ قەدىمىمۇ شۇ يەرگە يېتىپ قاپتۇ ۋە مەنمۇ بىر دەم ئارام ئالايمىكىن، دەپ تۇرغانىكەن، ئوغرى:

— بۇرادەر، نەگە بارىسىز؟ نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يانچۇقچى جاۋاب ئورنىغا ئۇنىڭدىن:

— سىز بۇ يەردە نېمىشقا ياتىسىز؟ بۇ سايىدا نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپتۇ.

ئاندىن ئوغرى:

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، ئاۋۋال تاماق يەيلى، — دەپ قويىنىدىن پۇچۇق كۆمەچنى چىقىرىپتۇ. يانچۇقچى قارىسا، كۆمەچ ئۆزىدىكى كۆمەچنىڭ يېرىمىدەك قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يانچۇقچى گۇمانلىنىپ:

— بۇرادەر، ئۆيىڭىز نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغرى:

— مەن پالان مەھەللىدىن، پالانى ئايال مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ، — دەپتۇ. يانچۇقچى ئۆز مەھەللە، ئۆز خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەرھال قويىنىدىكى پۇچۇق كۆمەچنى چىقىرىپ ئوغرىنىڭ قولىدىكى كۆمەچ بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ بېقىپتىكەن، دەل كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئوغرى بىلەن يانچۇقچى خوتۇن تالىشىپ جېدەللىشىپتۇ. ئاخىر بولماي ھېلىقى ئايالنى قېشىغا بېرىپتۇ. ئوغرى: ‹سىز مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەسمۇ؟› دېسە، يانچۇقچى: ‹سىز مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەسمۇ؟› دېيىشىپتۇ. ئايال بولسا:

— سىلەر ماڭا ئۆز كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىپ بېقىڭلار. قايسىڭلارنىڭ كارامىتى زىيادە بولسا، مەن شۇنىڭغا خوتۇن بولىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ يانچۇقچى، — ئاۋۋال مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرۈڭلار، — دەپ ئوغرى بىلەن ئايالنى ئارقىسىغا سېلىپ بازارغا چىقىپتۇ. ئۇلار كېتىۋاتقاندا يانچۇقچى بىر باينىڭ يېنىدىكى بىر ھەميان پۇلنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ كۆزىنى باغلاپ، قوينىغا بىر تاشنى سېلىپ قويۇپتۇ - دە، پۇلنى ئېلىۋاپتۇ ھەم بۇ ئىشنى نەچچە مەرتىۋە تەكرارلاپ كۆرسىتىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. ئوغرى ‹مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرۈڭلار› دەپ يانچۇقچى بىلەن ئايالنى ئارقىسىغا سېلىپ چىقىپتۇ ۋە بۇلارغا نېمە ھۈنەر كۆرسەتسەم بولاركىن؟ دەپ ئويلاپ، شۇ ھامان ئايالنى شاھزادىنىڭ سۈرىتىگە، يانچۇقچىنى بىر كاسىپنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپتۇ. ئۆزى ياساۋۇلنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ خۇپىيانە ھالدا شاھ سارىيىغا كىرىپتۇ. قارىسا شاھ تەخت ئۈستىدە، ئۇنىڭ مۇلازىمى يەردە مۈگدەپ ياتقانىكەن. ئوغرى شارتتىدە قىلىچنى چىقىرىپ، پادىشاھنىڭ بوغىزىغا تاقاپتۇ. پادىشاھ دىر - دىر تىترەپ: ‹خەزىنەمدىكى ھەممە مال - دۇنيانى ساڭا بېرەي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن!› دەپتۇ. ئوغرى بولسا:

— سېنى ئۆلتۈرمىسەك، ۋارقىراپ ياساۋۇللىرىڭغا بىزنى ئۆلتۈرگۈزىسەن. ئاۋۋال سېنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن خەزىنىگە تېگىش قىلىمىز، — دەپتۇ.

شاھ ۋارقىرىماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇ. ئۇلار خەزىنىدىكى پۈتۈن بايلىقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. قېنى، بۇ خوتۇن يانچۇقچىغا تېگىشى كېرەكمۇ ياكى ئوغرىغىمۇ؟»

— يانچۇقچىغا تېگىشى كېرەك! — دەپتۇ پادىشاھ.

— خاتا! ئوغرىغا تېگىشى كېرەك، — دەپتۇ مەلىكە بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ.

— ئۇ خوتۇن ئوغرىغا تەگسە، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇنداقتا سىز ماڭا تېگىشىڭىز كېرەك.

شۇ ھامان تۆت تەرەپتىن قىزغىن چاۋاكلار ياڭراپتۇ. مەلىكە خۇشال بولۇپ كېنىزەكلىرىگە:

— توققۇز تاۋاقتا ئالتۇن - كۈمۈش، لەئلى - جاۋاھىراتلارنى ئەپچىقىپ، پادىشاھنىڭ بېشىدىن چېچىڭلار، ئۇ مېنىڭ شەرتىمنى تولۇق ئادا قىلدى! — دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە تامام پەرىزاتلارنى يىغىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، زىياپەت تارتىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى موللا ئابدۇراخمان ھەسەننى قۇلزۇم شەھىرىدىن ئېلىپ كېلىپ نىكاھىنى ئوقۇتۇپتۇ. مەلىكە بىلەن پادىشاھ پەرىلەر ئوردىسىدا بىر مەزگىل ئەيش - ئىشرەتتە بولغاندىن كېيىن، سۇلتان سەنجەرى مازى مەلىكىگە:

— ئەمدى قايتىپ چىقىپ ئادەمزاتنىڭ شاھلىقىنى قىلساق، — دەپتۇ. مەلىكە ماقۇل بولۇپ، بەش يۈز كېنىزەككە زەر - جاۋاھىراتلارنى كۆتۈرتۈپ، بەش يۈز دىۋىگە تەختىنى كۆتۈرتۈپ، بىر «سۇف» بىلەن قۇدۇق بېشىغا چىقىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتەي دەپ قالغاچقا، سۇلتان سەنجەرنىڭ ئۆلىمالىرى ماتەمدە ئىكەن. شاھنى كۆرۈپ، ھەممىسى خۇشال بوپتۇ. شاھ بىلەن مەلىكىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ يېڭىۋاشتىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىپتۇ. ئۇلار گاھىدا ئادەمزاتلار شەھىرىدە، گاھىدا پەرىزاتلار شەھىرىدە شاھلىق قىلىپ، ئەدلى - ئادالەت بىلەن ئۆتۈپتۇ.

**«جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق قولىيازمىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر**

# نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

## بىچارە ئەر

نەسرىددىن ئەپەندى خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇ ئايال ھەمىشە «رەھمەتلىك ئېرىم ئۇنداق ئىدى، مۇنداق ئىدى» دەپ يىغلايدىكەن. بۇنىڭغا ئىچى پۇشقان ئەپەندى بىر كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى ھەيران بولۇپ:

— مەنغۇ ئۆلگەن ئېرىمنى ئەسلەپ يىغلايمەن، سىز نېمىشكە يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىدىن.

ئەپەندى ئېخمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ:

— ئەگەر ئاشۇ بىچارە ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، سەن تۇل قالمىغان بولاتتىڭ، مەنمۇ ساڭا ئۆيلەنمەيتتىم، شۇنىڭغا يىغلايمەن، — دەپتۇ.

## تام ھېچ گەپ ئەمەس

بىر كۈنى نەسرىددىن ئەپەندى يولدا كېتىۋېتىپ بىر ساراي تېمىنىڭ ئېگىزلىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ:

— بۇ سارايىنىڭ تېمى ئەسلىدىنلا ئېگىز تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئېگىزلىتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سارايغا ئوغرى چۈشمىسۇن دەپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىشلەۋاتقانلاردىن بىرى.

— سىرتتىن كىرىدىغان ئوغرى ئۈچۈن دېسىڭىزغۇ توغرا، لېكىن ئىچىدىن چىقىدىغان ئوغرىغا نىسبەتەن بۇنچىلىك تام ھېچ گەپ ئەمەس، — دەپتۇ ئەپەندى.

## سەللە

ئادەتتە بېشىغا سەللە ئورىمايدىغان نەسرىددىن ئەپەندى بىر كۈنى بېشىغا كىچىككىنە سەللىنى ئوراپ مەسچىتكە بېرىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە ئىتتى ئەپەندىنى تونۇماستىن قاۋاپ كېتىپتۇ. ئىتنىڭ نېمىشقا قاۋىغانلىقىنى پەملىگەن ئەپەندى دەرھال بېشىدىكى سەللىسىنى كەينىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ كىچىككىنە سەللەمگە شۇنچىلىك خىرس قىلىسەنۇ، موللامنىڭ سەللىسىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپتۇ.

## كىيىكمۇ ئوۋمۇ

بىر كۈنى ئەپەندى ئەمىر بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئەمىر بىر كىيىكنى قوغلاپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپ ئاتقان ئىكەن، كېيىككە ئوق تەگكۈزەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «داڭلىق ئۇستا مەرگەنمەن» دەپ ماختىنىپ يۈرگەن ئەمىر ئەپەندى ئالدىدا قاتتىق خىجالەت بولۇپ:

— قاراڭ ئەپەندى، بۇ نۇرغۇن ئۇۋچى كۆرگەن مۇغەمبەر كېيىك ئىكەن، مېنىڭ ئوقۇمدىن قېچىپ كېتەلىدى، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئەمىرنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتقۇزماقچى بولۇپ:

— ئەگەر كېيىكنىڭ ئورنىدا يۈز ئادەم بولغاندا، خاتالاشماي تەگكۈزگەن بولاتتىڭىز، كېيىكمۇ ئۇۋمۇ! ... — دەپتۇ.

## دۇنيانىڭ كەڭلىكى

بىر كۈنى ئەپەندىم كوچىدا كېتىۋاتسا بىر توپ ئادەم ئەپەندىدىن:

— ھەي ئەپەندى، بىزگە ياردەملىشىپ بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، دۇنيانىڭ كەڭلىكى زادى قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا تاۋۇت كۆتۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئادەمنى كۆرگەن ئەپەندى تاۋۇتنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە، ئۇ دۇنيانى ئۆلچىگىلى كېتىۋاتىدۇ، كەينىدىن بارساڭلار ئېنىق بىلىپ كېلىسىلەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئادەم ياسالغان لايغا سامان قوشۇلغانمۇ

بىر كۈنى بىر ساددا ئادەم ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى ئادەمنى توپىدىن ياسالغان دېگەن گەپ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

ھېلىقى ئادەم يەنە:

— ئادەم توپىدىن ياسالغان بولسا لېيىغا سامان قوشۇلغانمۇ، يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە سامان قوشۇلغان! بولمىسا ئادەم بۇ دۇنيانىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە چىدىماي يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

## باش كۆتۈرۈشكە دەرمان يوق

مەلۇم بىر مەھەللىنىڭ ئىمامى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەر بىر سودىگەرنىڭ «نەسرىدىن ئەپەندىنى ئىمام قىلايلى، بەش ۋاخ نامازدا ئىمام بولۇپ، باشقا ۋاقىتتا سۆھبىتىمىزنى قىزىتىپ يۈرىدۇ» دېگەن مەسلىھەتى بىلەن جامائەت ئەھلى كېڭىشىپ، ئەپەندىگە كۆپ ۋەدىلەرنى بېرىپ بۇ مەھەللىگە ئىماملىققا ئېلىپ كەپتۇ.

بىر يىل ئۆتۈپتۇ. يا ۋەخپىدىن، يا خەير ـ ساخاۋەتتىن ۋە يا خەتمە ـ قۇرئاندىن دېرەك بولماپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندىم پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ سەجدىگە باش قويغاندا بېشىنى كۆتۈرمەي ياتىۋېرىپتۇ. جامائەت ئىچىدىن بىرسى:

— ئەپەندى، بېشىڭىزنى كۆتۈرمەمسىز؟ دۇكان ئوچۇق قالغان ئىدى! — دەپتۇ.

ئەپەندى قىمىر قىلماستىن يوقىرى ئاۋاز بىلەن:

— سىلەرگە ئىمام بولۇپ كۆچۈم قالمىدى، بېشىمنى كۆتۈرۈشكە دەرمانىم يوق، ئاراڭلاردىن بىرەرسى مېنى ئېلىپ كېلىشتە بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرىمىز، دەپ قەسەم

ئۈچۈن، بەلكىم مانا شۇ دەرمان بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرەرمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## پەتىۋا

ئەپەندى مۇپتى بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ھۈنەرۋەن ئۇنىڭ ئالدىغا پەتىۋا سوراپ كېلىپ:

— ھۈنەرۋەننىڭ كالىسى قازىنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، شەرىئەت نېمە بۇيرۇيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىدىن.

ئەپەندى كىتابقا قاراپ تۇرۇپ:

— ھۈنەرۋەندىن كالىنىڭ پۇلىنى ئۈندۈرۈپ ئېلىش كېرەك، — دەپتۇ.

ھۈنەرۋەن يەنە:

— ئەگەردە قازىنىڭ كالىسى ھۈنەرۋەننىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى كىتابنى خېلى ئۇزاق ۋاراقلىغاندىن كېيىن:

— بۇنداق دەۋا كىتابتا يوق ··· — دەپتۇ.

## ئۈچ پۇرسەتتە

بىر كۈنى قازى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئۆيدە قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ۋاقتىڭىزدا قايسى پۇرسەتلەردە خاتا ئوقۇپ قويغانلىقىڭىزنى بىلمەي قالىسىز؟

— ئۈچ پۇرسەتتە خاتا ئوقۇپ قويغانلىقىمنى بىلمەي قالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— قايسى ئۈچ پۇرسەتتە؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— يەنى پۇلسىز ئاش يادىمغا چۈشكەندە، يات ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا، قازى بولۇپ پارا يېگۈم كەلگەندە، — دەپتۇ ئەپەندى.

## خۇدانىڭ ئۆيى

ئەپەندى قازىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پالان مەھەللىنىڭ مەزىنى كېچىسى كېلىپ مەسچىتىمىزنىڭ جايىنامىزىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنىڭ مەسچىتىگە سېلىپ قويغىنىنى كۆردۈم. شۇنى ئېلىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئەرز قىپتۇ. گەپنى ئاڭلىغان ئەپەندى قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئىككىلا مەسچىت خۇدانىڭ ئۆيى، شۇنداق بولغاندىن كېيىن جايىناماز ئۇ ئۆيگە سېلىندى نېمە بولدى، بۇ ئۆيگە سېلىندى نېمە بولدى! تۇر، يوقال، — دەپ مەزىننى قوغلىۋېتىپتۇ.

## شەيتان ۋە ھاراقكەش

خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان بىر يارىماس ئادەم مەست ھالدا ئەپەندىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەپەندى ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز ماڭا دادا بولسىڭىز! بىلىمەن، سىز مېنى يامان كۆرىسىز، مېنىڭ يامان ئادەم بولۇپ قېلىشىمغا ئۆزۈم ئەمەس، شەيتان سەۋەبچى. مېنى يامان يوللارغا ئاشۇ باشلىغان، مەن ئاشۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، كۆپ يامانلىقلارنى قىلدىم ... — دەپتۇ.

ئەپەندى ئۇنىڭ قولىنى مۇرىسىدىن ئاستاغىنا چۆشۈرۈۋېتىپ:

— ھەي، نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— بالدۇرراق كەلسەم قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— ھازىرلا شەيتان كېلىپ «مەن تىنچ يۈرگەن شەيتان ئىدىم، پالانچى مېنىڭ نامىمنى سېتىپ، ئىچىملىككە بېرىلىپ ئابرۇيۇمنى تۆكۈپ يۈرۈپتۇ» دەپ سېنىڭدىن زارلىنىپ كەتتى. سەل بالدۇرراق كەلگەن بولساڭ، ئىككىڭلارنى يۈزلەشتۈرەتتىم ... — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

## ئىمام ۋە ئەپەندى

بىر كۈنى ئىمام نامازدىن كېيىن ۋەز ئېيتقىلى مۇنبەرگە چىقىپتۇ. لېكىن، قانچىلىك تىرىشسىمۇ يادىغا زادىلا ھېچ نەرسە كەلمەي ئاخىر ئامالسىز جامائەتكە:

— مۆمىنلەر، مەن سىلەرگە ۋەز ئېيتماقچى ئىدىم، لېكىـن يادىمغا ھېچ نەرسە كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندى دەرھال:

— مۇنبەردىن چاپسانراق چۈشۈپ كېتىشىمۇ يادىڭىزغا چۈشمەيۋاتامدۇ؟ — دەپتۇ.

## سەدىقىگە يارىشا

ئەپەندىگە بىر ئادەم كۆزى يوق ئۈزۈكتىن بىر سەدىقە قىلىپ:

— باشپاناھسىز، ۋەتەنسىزمەن ئەپەندى، سىزنى خۇداغا يېقىن ئادەم دېيىشىدۇ، قىش يېقىنلىشىۋاتىدۇ، بىر دۇئا قىلىڭ، خۇدا بىر ئۆي بەرسۇن، — دەپتۇ.

ئەپەندى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ:

— ئىلاھا ئامىن، خۇدا سىزگە ماڭا بەرگەن سەدىقىڭىزگە يارىشا ئۆگزىسىز ئۆي بەرسۇن! — دەپتۇ.

## ئەڭ ياخشى مەسلىھەت

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئەپەندىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز بەكمۇ ئەقىللىق ئادەمسىز، ئەڭ ياخشى مەسلىھەتنى پەقەت سىزلا بېرەلەيسىز. خوتۇنۇمنى قويۇۋېتەيمۇ ياكى كېلىشىپ قالايمۇ؟

— خوتۇنۇڭنى قويۇۋەت دېسەم كېيىن تىللايسەن، قويۇۋەتمە دېسەم ھازىر تىللايسەن، ئەڭ ياخشى مەسلىھەت بىلگىنىڭنى قىل! — دەپتۇ ئەپەندى.

## ئوغرىلارغا خىزمەت

بىر كۈنى كېچىسى ئەپەندىنىڭ ئۆيقۇسى قېچىپ خىيال سۈرۈپ ياتسا، بىر ئوغرى تامدىن

سەكرەپ چۈشۈپ شېرىكلىرىگە ئاستاغىنە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشقىرىدىن يەنە تۆت ئوغرى كىرىپ، ھويلا ۋە ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ تۈزۈكرەك بىرەر نەرسە تاپالماي چىقىپ كېتىۋاتسا، ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— جان بۇرادەرلەر، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ كەتسەڭلار، باشقا ئوغرىلارمۇ ئاۋارە بولۇپ كىرىپ يۈرۈشمىسۇن، — دەپتۇ.

## تۆت قىز چىقارغاننىڭ كۇدە - كۆرپىسى

بىر كېچىسى ئەپەندىنىڭ مەھەللىسىگە ئوت كېتىپ، مەھەللىدىكىلەر قوشنا مەھەللىگە كۆچۈشكە باشلاپتۇ. ھەممە ئادەم كۇدە - كۆرپىسىنى ھارۋىسىغا بېسىپ كېتىۋاتسا، ئەپەندى بىر پالاس، ئىككى يوتقاننى دۈمبىسىگە ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ.

يېرىم يولدا قولۇم - قوشنىلىرىدىن بىرى ئەپەندىنىڭ يۈكىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— كۇدە - كۆرپىڭىزنىڭ بارى شۇمۇ؟ بۇ قانداق ئۆي - ۋاق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۆت قىز چىقارغاننىڭ كۇدە - كۆرپىسى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز توختى، گۈلنۇر ئابلىز

### تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئۇقتۇرۇشى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ھەربىر ئەسەر ژۇرنىلىمىزدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ پىلانلىشى، ئويۇشتۇرۇشى ۋە تەھرىرلىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا خادىملىرىمىزنىڭ قان - تەرى ۋە ئەجىر - مېھنىتى سىڭگەن. ئۇلارنى كىتابلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئېلان قىلىش جەھەتتە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆز پىلانى ۋە ھوقۇقى بار. شۇڭا، ژۇرنىلىمىزدا بۇندىن بۇرۇن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئەسەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئايرىم كىتاب قىلىپ ئىشلىشىگە، قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال سېزىلسە قانۇني جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى